

شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنەۋۋەر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقلىرى خەزىنىسى
( بىرىنچى تۈركۈم )



بالىلار نەزەرىدىكى دۇنيا










# ھايۋانلارنى تونۇش











شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىللەتلەر نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس تۈر مەبلىغىگە ئېرىشكەن كىتاب
民族文字出版专项资金资助项目

بالىلار نەزەرىدىكى دۇنيا

# ھايۋانلارنى تونۇش

باش تۈزگۈچى : ۋۇ شياۋيا
تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل ئابدۇللا



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

识动物：维吾尔文 / 吴小丫主编；阿地力·阿不都拉译．— 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2012.2
（童眼看世界）
ISBN 978-7-5466-1345-1

Ⅰ.①识… Ⅱ.①吴… ②阿… Ⅲ.①动物 — 儿童读物 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①Q95-49

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 026486 号

مەسئۇل مۇھەررىرى: خۇرشىدە ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلنار روزى
گۈزەل سەنئەت تەھرىرى:
مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم

بالىلار نەزىرىدىكى دۇنيا

**ھايۋانلارنى تونۇش**

* * *

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 255 № پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880mm × 1230mm 1/24 باسما تاۋىقى: 6
2012 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىلى 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1345 - 1
باھاسى: 24.00 يۈەن



# كىرىش سۆز

بۇ كىتابتا كىچىك دوستلارغا 62 خىل كۆپ ئۇچرايدىغان ھايۋانات تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلاردىن 26 خىلى، قۇشلاردىن 16 خىلى، بېلىقلاردىن 6 خىلى، قوش ماكانلىقلار ۋە يەر بېغىرلىغۇچىلاردىن 6 خىلى، ھاشاراتلەردىن 8 خىلى بار. بۇنىڭدا ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە يېزىقلاردا ھەربىر ھايۋاننىڭ ئىسمى، ماكانلىشىش ئورنى، يېمەكلىكى ۋە كۆشەندىسى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلدى. يەنە «ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە» ۋە «ھەيران قالارلىق ئارخىپ» قاتارلىق ئىككى كىچىك سەھىپە تەسىس قىلىنىپ، ھەربىر خىل ھايۋاننىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە قىزىقارلىق تۇرمۇش ئادەتلىرى بېرىلدى. ھايۋانلار بولسا بىزنىڭ دوستىمىز، تەبىئەتنىڭ بىر ئەزاسى، بىز ئۇلارنى قوغدىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئەركىن ئازادە ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. بۇ كىتابنىڭ سىزنىڭ قىزىقىش ۋە نەزىرىڭىزنى قوزغاپ، بىلىش دائىرىڭىزنى كېڭەيتىپ، دۇنيانى تونۇش قەلب تەشنالىقىڭىزنى قاندۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.



www.uyghurkitap.com

# 写在前面的话

这本书向小朋友们介绍了 62 种常见动物，其中哺乳动物 26 种，鸟类 16 种，鱼类 6 种，两栖爬行类 6 种，昆虫 8 种。以维汉英语介绍了这些动物的名称，以及每种动物的栖息地，食物和天敌，还设有“动物故事”和“惊奇档案”两个小板块，介绍每种动物的基本情况和有趣的生活习性等。动物是我们的朋友，是大自然的一分子，我们要保护它们，让它们自由自在地生活。希望这本书能打开你好奇的双眼，丰富你的视野，满足你渴望看世界的心灵。

# مۇندەرىجە

## سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار


پىل ........................ 3
زىراپە ........................ 5
چوڭ مۇشۇكئېيىق ........................ 7
بېگېموت ........................ 9
كەركىدان ........................ 11
شىر ........................ 13
يولۋاس ........................ 15
يىلپىز ........................ 17
ئېيىق ........................ 19
تۆگە ........................ 21
تاغىل ئات (زېبرا) ........................ 23
كېنگۇرۇ ........................ 25
بۆرە ........................ 27
تۈلكە ........................ 29
شىمپەنزە ........................ 31
كاۋلا (دەرەخ خالتىلىق ئېيىقى) ........................ 33
تىيىن ........................ 35
كىرپە ........................ 37
شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى ........................ 39
مۈشۈك ........................ 41
توشقان ........................ 43
قوي ........................ 45
ئات ........................ 47
كالا ........................ 49
كىت ........................ 51
دېلفىن ........................ 53


## بېلىقلار


لەھەڭ (ئاكۇلا) ........................ 57
كېپىنەك بېلىق ........................ 59
باربۇس بېلىقى ........................ 61
يېسسى بېلىق ........................ 63
دىئودون بېلىقى ........................ 65
سەقەنقۇر ........................ 67


## قۇشلار


ئاق قۇ ........................ 71
قارچىغا ........................ 73

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مۇشۇكياپىلاق........................75
قىزىل قانات (فىلامىنگو)........................77
تۆگىقۇش........................79
توز........................81
ئاق قۇتان........................83
قىزىل تاجلىق تۇرنا........................85
شاتۇتى (تۇتىقۇش)........................87
تۆمۈر تۇمشۇق........................89
كەپتەر........................91
ھەرىقۇش........................93
چايكا........................95
پىنگۋىن........................97
قارلىغاچ........................99
ئۆردەك........................101

## قوش ماكانلىقلار ۋە يەر بېغىرلىغۇچىلار

تىمساھ........................105
دېڭىز تاشپاقىسى........................107
پاقا........................109
يىلان........................111
كەسلەنچۈك........................113
پاتمىچۇق........................115

## ھاشاراتلار

كېپىنەك........................119
يىڭناغۇچ........................121
ھەسەل ھەرىسى........................123
پەرۋانە........................125
تومۇزغا........................127
خانقىز........................129
ياچۋەك........................131
ماي قوڭغۇزى........................133


سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار — ھايۋانلار تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. يەنى بەدىنىدە تۈكى بولىدۇ، تۆرەلمىدىن تۇغۇلىدۇ، ئادەتتە باش، بويۇن، گەۋدە، قول - پۇت ۋە قۇيرۇقتىن ئىبارەت بەش قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۆپكىسىدە نەپەسلىنىدۇ، بەدەن تېمپېراتۇرىسى تۇراقلىق بولۇپ، تۇراقلىق تېمپېراتۇرىلىق ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. بېشى بىر قەدەر چوڭ ھەم تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. سۈت ئېمىتىش بىلەن تۆرەلمىدىن تۇغۇلۇش — سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى بولۇپ، تۆرەلمە ئانا تېنىدە يېتىلىپ، ھامىلە ئانا ھايۋاندىن تۇغۇلىدۇ. ئانا ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىدە سۈت بېزى بولۇپ، بالىسىنى ئاجرىتىپ چىقارغان سۈتىدە باقىدۇ. سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ تۈرى كۆپ، تارقىلىشى كەڭ. تۆۋەندە بىز بىرلىكتە ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ بولغان بۇ سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار بىلەن تونۇشۇپ باقايلى!




# پىل

xiàng

象

elephant

## سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← ئۇزۇن تۇمشۇقلۇقلار ئەترىتى ← پىل ئائىلىسى**


ماكانلىشىش ئورنى: ئاسىيا، ئافرىقا رايونى

يېمەكلىكى: دەرەخ يوپۇرماقلىرى، مېۋە ۋە ئوت - چۆپ

www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



پىل — دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ھايۋىنى، ئۇلارنىڭ تۆت پۇتى توم، يەلپۈگۈچكە ئوخشاش قۇلىقى ۋە ئۇزۇن بۇرنى بولۇپ، پۇراش ۋە ئاڭلاش سېزىمى ناھايىتى سەزگۈر كېلىدۇ. پىل ئورمان، يايلاق ۋە دەريا ۋادىلىرىدا توپلىشىپ ياشايدۇ. 100 ياش ئەتراپىدا ئۆمۈر كۆرەلەيدىغان بولۇپ، ھايۋانلار ئارىسىدىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپىنى ھېسابلىنىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

پىلنىڭ ئۇزۇن بۇرنى ئىنتايىن كۈچلۈك ھەم ھەرىكەتچان بولۇپ، چوڭ ياغاچلارنى ناھايىتى ئاسانلا يۆگەپ تۇتالايلا قالماستىن، كىچىك ئوت - چۆپلەرنىمۇ يالماپ ئالالايدۇ.



# زىراپە

cháng jǐng lù
长颈鹿
giraffe



سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← ئاچا تۇياقلىقلار ئەترىتى ← زىراپە ئائىلىسى**
ماكانلىشىش ئورنى: ئافرىقىدىكى قۇرغاق ھەم كەڭرى كەتكەن شالاڭ ئورمانلىق، يايلاق رايونلىرى
يېمەكلىكى: ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقى
كۈشەندىسى: شىر، يىلپىز قاتارلىقلار

www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



زىراپە بولسا ئافرىقىدىكى بىر خىل ئالاھىدە ھايۋان بولۇپ، بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە مېتىرغا يېتىدۇ، ئۇ قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ ئېگىز ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. زىراپە ئىنتايىن قورقۇنچاق بولۇپ، توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. كۈشەندىسىگە ئۇچرىغاندا تۆت تەرەپكە بەدەر قاچىدۇ. يۈگۈرۈش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، سائىتىگە 50 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

پۇت قىسمى ئۇزۇن بولغاچقا، زىراپە ئالدى پۇتىنى ئېچىپ ياكى يۈكۈنۈپ تۇرۇپ سۇ ئىچىدۇ، سۇ ئىچكەندە ناھايىتى ئاسانلا باشقا ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاچقا، توپلىشىپ ياشايدىغان زىراپىلەر كۆپىنچە بىرلىكتە سۇ ئىچمەيدۇ.



# چوڭ مۈشۈكئېيىق

dà xióng māo

# 大熊猫

giant panda

سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← گۆشخورلار ئەترىتى ← ئېيىق ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىم تاغلىق رايونلىرى

يېمەكلىكى: بامبۇك، بامبۇك چاشقىنى قاتارلىقلار

كۈشەندىسى: يىلپىز، چىلبۆرە قاتارلىقلار

www.uyghurkitap.com



## هايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



چوڭ مۇشۇكئېيىقنىڭ پۈتۈن بەدىنىدە پەرقى ئېنىق بولغان ئاق قارا تۈكى بار، تېنى سېمىز، بېشى يۇمىلاق، قۇيرۇقى قىسقا بولىدۇ. ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنىڭ بىرى بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ «دۆلەت گۆھىرى» ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇكئېيىق دالىدا ئۇخلىغان ۋە قىسقا ئارىلىقتا ھەرىكەت قىلغاندىن باشقا، ھەر كۈنى 14 سائەتتىن كۆپرەك ۋاقتىنى يېمەكلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. چوڭ مۇشۇكئېيىق بامبۇكنىڭ يۇمران غوللىرىنى ۋە يۇمران نوتىلىرىنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

چوڭ مۇشۇكئېيىقنىڭ ئەجدادلىرى گۆش يەيدىغان بولۇپ، كېيىن مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بامبۇك يەيدىغان بولغان. ھازىر ئۇنىڭ ھەزىم قىلىش سىستېمىسى گۆش يېيىشكە ماسلىشالماي قالغان بولۇپ، ئاندا - ساندا بامبۇك چاشقىنى قاتارلىق كىچىك ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.



# بېگېموت

hé mǎ
河马
hippo

سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار




**سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار سىنىپى ← ئاچا تۇياقلىقلار ئەترىتى ← بېگېموت ئائىلىسى**
ماكانلىشىش ئورنى: ئافرىقا قىتئەسىدىكى كۆللەر ئەتراپى
يېمەكلىكى: پاكار ئوت - چۆپلەر.

www.uyghurkitap.com



## هايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



بېگېموت دۇنيادىكى ئاغزى ئەڭ چوڭ بولغان قۇرۇقلۇق سۈت ئەمگۈچى هايۋىنى. ئۇنىڭ بەدىنى ناهايىتى چوڭ بولۇپ، توپىلىشىپ ياشايدۇ، ئىللىق هاۋا كىلىماتنى ياخشى كۆرىدۇ، كۈندۈزى ئۇخلاپ، كەچتە يېمەكلىك ئىزدەيدۇ. بېگېموتنىڭ كۆزى، قۇلىقى ۋە بۇرۇن تۆشۈكى بېشىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇزۇن ۋاقىت سۇغا چىلىشىپ تۇرالايدۇ. شۇ ئارقىلىق هەم سالقىنلايدۇ هەم ئاپتاپنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن ساقلىنىدۇ.



### هەيران قالارلىق ئارخىپ

بېگېموت لاي - پاتقاقتا يۇيۇنغاندا، بىر قەۋەت قېلىن لاي قېپى شەكىللەندۈرۈپ، پاشا ۋە قۇرتلارنىڭ چېقىۋېلىشىدىن ساقلىنىدۇ.




# كەركىدان

xī niú

犀牛

rhino

سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← ئاچا تۇياقلىقلار ئەترىتى ← كەركىدان ئائىلىسى**

ماكانلىشش ئورنى: ئاساسلىقى ئافرىقا قىتئەسى ۋە ئاسىيا قىتئەسىگە تارقالغان

يېمەكلىكى: ئوت-چۆپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرى ۋە مېۋىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



كەركىدانىنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى قوپال، باش قىسمى ناھايىتى يوغان، پۈتۈن بەدىنىنى ساۋۇتقا ئوخشاش قېلىن تېرە قاپلىغان بولىدۇ. تۇمشۇقىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا تاق ياكى قوش مۈڭگۈزى، باش قىسمىنىڭ ئىككى تەرىپىدە يەنە بىر جۈپ كىچىك كۆزى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى ناھايىتى يوغان، كۆرۈنۈشى سەت بولسىمۇ، لېكىن قورقۇنچاق، كىشىلەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان ھايۋاندۇر. ئەمما ئۇلار يارىلانغاندا ياكى مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا نورمالسىز ۋەھشىيلىشىپ، رەقىبىنى زەخىملەندۈرۈپ قويىدۇ.

### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

كەركىدان تېرىسىنىڭ قات ئارىلىقلىرىدا كۆپىنچە پارازىت قۇرتلار ياشايدۇ، قىزىقارلىقى شۇكى، بىر خىل كەركىدان قۇشى بولۇپ، دائىم كەركىداننىڭ دۈمبىسىگە قونۇۋېلىپ بۇ پارازىت قۇرتلارنى تازىلايدۇ.



# شىر


shī zǐ

狮子

lion



سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← گۆشخورلار ئەترىتى ← مۈشۈك ئائىلىسى**


ماكانلىشىش ئورنى: ئافرىقا قىتئەسى ۋە ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شالاڭ ئورمانلىقلىرى ۋە ئوتلاقلىرىدا ياشايدۇ

يېمەكلىكى: زىراپە ۋە تاغىل ئات قاتارلىقلار

www.uyghurkitap.com



## هايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



شىرنىڭ باشقا مۇشۇك ئائىلىسىدىكى هايۋانلار
بىلەن بولغان پەرقى شۇكى، ئۇلار توپلىشىپ ياشايدۇ،
بىر شىر توپى ئادەتتە 4 ～ 12 گىچە تۇغقانلىق مۇ-
ناسۋىتى بولغان چىشى شىر، ئۇلارنىڭ بالىلىرى ھەم
1 ～ 2 ئەركەك شىردىن تەركىب تاپىدۇ. شىر ئادەتتە
بىر قەدەر چوڭراق بولغان ئوۋلارنى ئوۋلايدۇ. مەسى-
لەن، ياۋا كالا، بۆكەن، تاغىل ئات، ھەتتا كىچىك بې-
گېموت، پىل، زىراپىلەرگە ئوخشاش.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

زوئولوگىيە ئالىملىرى ئەگەر ئوخشاش
ياشتىكى چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولغان
شىر بىلەن يولۋاس ئۆزئارا ئۇرۇشسا، يولۋاس
يېڭىۋېلىشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. چۈنكى
يولۋاسنىڭ چىدامچانلىقى ۋە چاققانلىقى شىر-
نىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.



# يولۋاس

lǎo hǔ

老虎

tiger

سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار





**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← گۆشخورلار ئەترىتى ← مۈشۈك ئائىلىسى**

ماكانلاشقان ئورنى: سۇبتروپىك بەلباغ، تروپىك بەلباغ ئوتلاقلىرى ۋە ئورمانلىق قاتارلىقلار

يېمەكلىكى: كىچىك بۇغا، ياۋا چوشقا، چوڭ بۆكەن قاتارلىقلار

www.uyghurkitap.com



## هايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



يولۋاس «ياۋايى هايۋانلار پادىشاهى» دەپ قارىلىدۇ. ئۇ مۈشۈك ئائىلىسىدىكى بەدەن قۇرۇلۇشى ئەڭ چوڭ هايۋان هەم قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ كۈچلۈك گۆشخور هايۋاندۇر. يولۋاسقا سۈرئەت، كۈچ ۋە چاققانلىق مەركەزلەشكەن بولۇپ، چوڭراق ياۋا كالىدىن تارتىپ كىچىكرەك بولغان چاشقانغىچە هەممە هايۋانلارنى ئۇۋلىيالايدۇ. ئۇنىڭ تەبىئەتتە كۈشەندىسى يوق.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

يولۋاس تۆت ئەتراپقا سىيىش، دەرەخ غوللىرىنى تىرمىلاش، چوڭ تەرەت قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زېمىن دائىرىسىنى سىزىشنى ياخشى كۆرىدۇ.




# يىلپىز

bào

豹

leopard





**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← گۆشخورلار ئەترىتى ← مۈشۈك ئائىلىسى**


ماكانلىشىش ئورنى: ئاسىيا قىتئەسى، ئافرىقا قىتئەسى ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى

يېمەكلىكى: بۇغا، بۆكەن، ياۋا چوشقا، ياۋا توشقان قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



يىلپىزنىڭ تاشقى قىياپىتى يولۋاسقا ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بېشى يۇمىلاق، قۇلىقى قىسقا، پۇت - قولى كۈچلۈك، تىرنىقى ئىتتىك، قۇيرۇقى ناھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ. يىلپىز ناھايىتى چاققان، يۈگۈرۈشكە، سۇ ئۈزۈشكە، دەرەخكە يامىشىشقا ماھىر، يوشۇرۇنۇشچانلىقى كۈچلۈك، چەبدەس. پۇراش، ئاڭلاش ۋە كۆرۈش سېزىمى ناھايىتى ياخشى. كىشىلەر ئۇنى ھايۋانات دۇنياسىدىكى «ئەڭ مۇكەممەل ئوۋچى» دەپ تەرىپلىشىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

يىلپىز بولسا ھايۋانلار ئارىسىدىكى «قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈش چېمپىيونى»، ئۇنىڭ سائەتلىك سۈرئىتى 120 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.




# ئېيىق

xióng

熊

bear

سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← گۆشخورلار ئەترىتى ← ئېيىق ئائىلىسى**

ماكانلىشش ئورنى: ياۋروپا، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى

يېمەكلىكى: كىچىك ھايۋانلار، مېۋىلەر، قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەر ۋە ھەسەل قاتارلىقلار

www.uyghurkitap.com



## هايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



ئېيىقنىڭ بەدىنى سېمىز، بېشى يوغان، تۇمشۇقى ئۇزۇن، پۇت - قولى توم، قۇيرۇقى قىسقا بولىدۇ. پۇراش ۋە ئاڭلاش سېزىمى ناھايىتى سەزگۈر، كۆرۈش ئىقتىدارى ناھايىتى ناچار بولىدۇ. ئېيىقنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى ئاستا، لېكىن دەرەخكە يامىشىشقا ماھىر ھەم سۇ ئۈزەلەيدۇ. ئېيىق ھەممە نەرسىنى يەيدۇ. چۇمۇلە ئۇۋىسىنى يالاشقا ئامراق، ھەسەل ئوغرىلاشقا ماھىر بولۇپ، تويماس جانىۋار.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

قىشتا ئېيىق ئۆڭكۈردە قىشلىق ئۇيقۇغا كىرىدۇ. ھاۋا ئىللىپ گۈللەر ئېچىلىپ، يېمەكلىك يېتەرلىك بولغاندا، ئاندىن سىرتقا چىقىپ ھەرىكەت قىلىدۇ.




# تۆگە

luò tuó

# 骆驼

camel

سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← ئاچا تۇياقلىقلار ئەترىتى ← تۆگە ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالى، ئافرىقا قىتئەسى ۋە موڭغۇلىيە قۇملۇقى

يېمەكلىكى: يانتاقلىق ئۆسۈملۈك، چاتقال يوپۇرماقلىرى ۋە قۇرۇق ئوت - چۆپلەر

كۆشەندىسى: بۆرە

## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



تۆگىنىڭ «قۇملۇق كېمىسى» دېگەن نامى بار. ئۇنىڭ لوكىسىدا ماي ساقلىنىدىغان بولۇپ، ئوزۇقلۇقتا ئېرىشەلمىگەندە بەدەنگە ئېھتىياجلىق ئوزۇقلۇق ماددىغا پارچىلىنىپ، ھاياتىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، تۆگىنىڭ ئاشقازىنىدا نۇرغۇنلىغان بوتۇلكا شەكىللىك كىچىك كۆپۈكچىلەر بار بولۇپ، ئۇ تۆگىنىڭ سۇ ساقلاش ئورنى. بۇنداق بولغاندا نەچچە كۈن سۇ ئىچمىسىمۇ ھاياتىغا خەۋپ يەتمەيدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

تۆگە كالىغا ئوخشاش كۆشەيدۇ، شۇڭا دائىم ئاغزىدىن ئاق رەڭلىك شۆلگەي چىقىپ تۇرىدۇ. بەزىدە ئېھتىياتسىزلىقتىن چوڭراق كۆپۈكچە پۈسلىپ چىقىپ قالىدۇ. ھايۋانات باغچىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا ھەرگىز تۆگىنى غەزەپلەندۈرۈپ قويماڭ، بولمىسا ئۇ ئاغزىدىكى شۆلگەينى سىزگە پۈركۈۋېتىشى مۇمكىن.



# تاغىل ئات (زېبرا)

bān mǎ

斑马

zebra

سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← توم تۇياقلىقلار ئەترىتى ← ئات ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: ئافرىقا قىتئەسىدىكى يايلاقلار

يېمەكلىكى: ئوت - چۆپ

كۈشەندىسى: شىر، سىرتلان قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



تاغىل ئات ئافرىقا قىتئەسى چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ياشايدۇ، تاشقى قىياپىتى ئادەتتىكى ئاتتىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ، بەدىنىدىكى يول - يول سىزىقلار بولسا مۇھىتقا ماسلىشىدىغان قوغدىنىش رەڭگى ھېسابلىنىدۇ. تاغىل ئات توپلىشىپ ياشايدۇ، ئۇلار بەدىنىدىكى يول - يول سىزىقلار ئارقىلىق ئۆزئارا بىر - بىرىنى پەرق ئېتىدۇ. تاغىل ئاتنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئىنتايىن ئاجىز، باشقا ھايۋانلار توپى بىلەن دوست بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ ھەم ئۆزىگە يول باشلىشىنى خالايدۇ.

### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

تاغىل ئاتنىڭ بەدىنىدىكى يول - يول سىزىقلار قارىماققا ھېچقانداق پەرقلەنمىسىمۇ، لېكىن ھەر قانداق ئىككى تاغىل ئاتنىڭ بەدىنىدە ئوخشاش يول - يول سىزىقلارنى تاپقىلى بولمايدۇ.



# كېنگۇرۇ

dài shǔ

袋鼠

kangaroo

سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← قوش كەسكۈر چىشلىقلار ئەترىتى ← كېنگۇرۇ ئا-ئىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: ئاۋستىرالىيە ئورمانلىقلىرى ۋە يايلاقلىرى

يېمەكلىكى: ئوت - چۆپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرى ۋە چاتقاللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## هايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



كېنگۇرۇ ئوتخور ھايۋان، ئۇنىڭ ئالدى پۇتى قىسقا، كەينى پۇتى ئۇزۇن بولۇپ، ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. كېنگۇرۇ تاقلاپ يۈگۈرەيدۇ، ئەڭ ئېگىز بولغاندا تۆت مېتىر، ئەڭ يىراق بولغاندا 13 مېتىرغا سەكرىيەلەيدۇ، ئۇ ئەڭ ئېگىز ھەم ئەڭ يىراققا سەكرەيدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. ئانا كېنگۇرۇنىڭ ھەممىسىدە ئالدىغا ئېچىلىدىغان بالا بېقىش خالتىسى بولىدۇ. بالا بېقىش خالتىسىدا تۆت دانە ئەمچەك توپچىسى بولۇپ، بالا كېنگۇرۇ بالا بېقىش خالتىسىدا بېقىلىپ چوڭ بولىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

كېنگۇرۇ دەم ئالغان ۋاقىتتا قۇيرۇقى بىلەن ئىككى پۇتى بىرگە بەدىنىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. يۈگۈرگەن ۋاقىتتا قۇيرۇقى بەدەن تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ. ئۇ يەنە ھۇجۇم قىلىش ۋە مۇداپىئەلىنىش قورالىدۇر.




# بۆرە

láng

狼

wolf

## سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← گۆشخورلار ئەترىتى ← ئىت ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: ئاساسلىقى ئاسىيا قىتئەسى، ياۋروپا قىتئەسى، شىمالىي ئامېرىكا ۋە ئوتتۇرا شەرقلەرگە تارقالغان

يېمەكلىكى: ياۋا توشقان، ياۋا قوي قاتارلىقلار

كۆشەندىسى: يولۋاس، شىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



بۆرىنىڭ تاشقى قىياپىتى ئىتقا ئوخشايدۇ. لېكىن، تۇمشۇقى بىر قەدەر ئۇچلۇق، قۇلىقى تىك، قۇيرۇقى ساڭگىلىغان بولىدۇ. بۆرىنىڭ تەبىئىتى ھىيلىگەر، ياۋۇز بولۇپ، كۈندۈزى دەم ئېلىپ كېچىسى ئوزۇقلىنىدۇ، ئۇلار توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىر توپتا ئەڭ كۆپ بولغاندا 40 ئەتراپىدا بۆرە بولىدۇ، ئادەتتە ئەڭ كۈچلۈك بولغان بىر جۈپ بۆرە رەھبەرلىك قىلىدۇ. بۆرە پۇراق ۋە ھۇۋلاش ئارقىلىق ئۆزئارا ئالاقە باغلايدۇ. يۈگۈرۈش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

ئىت بولسا ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ھايۋان، ئۇ ئەمەلىيەتتە كۆندۈرۈۋېلىنغان بۆرىنىڭ ئەۋلادى.



# تۈلكە

hú lí
狐狸
fox

سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار سىنىپى ← گۆشخورلار ئەترىتى ← ئىت ئائىلىسى**
ماكانلىشىش ئورنى: ئورمانلىق، يايلاق، يېرىم قۇملۇق ۋە ئېدىرلىقلار
يېمەكلىكى: چاشقان، ياۋا توشقان، پاقا ۋە مېۋە قاتارلىقلار
كۆشەندىسى: بۆرە، قارچىغا، سىلەيسۈن، تازقارا (قۇماي) قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## هايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



تۈلكە ئورمانلىق، يايلاق ۋە ئېدىرلىقلاردا يا-
شايدۇ، تۇمشۇقى ئۇچلۇق، قۇلىقى چوڭ كېلىدۇ.
كەينىدە يەنە بىر تال ئۇزۇن چوڭ قۇيرۇقى بولىدۇ.
ئۇلار نامازشام ۋاقتىدا سىرتقا چىقىپ ئوزۇقلۇق
ئىزدەپ تاڭ ئاتقاندا ئۇۋىسىغا قايتىدۇ. تۈلكىنىڭ
پۇراش ۋە ئاڭلاش سېزىمى ناھايىتى ياخشى، ھەرد-
كىتى چاققان بولغاچقا، چاشقان، ياۋا توشقان قاتار-
لىق كىچىك ھايۋانلارنى تۇتۇپ يېيەلەيدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

تۈلكە ئىنتايىن ئەقىللىق بولۇپ، كىر-
پىگە يولۇققاندا ئۇ ئالدى بىلەن تۇگۇلۇۋالغان
كىرپىنى سۇغا ئېلىپ كىرىدۇ. تۇنجۇقۇپ
يېرىم جان بولۇپ قالغان كىرپە قىرغاققا يا-
مىشىپ چىققاندا ئاندىن ئۇنىڭغا ئېتىلىپ
تېرىسىنى ئاجرىتىپ تاشلايدۇ.



# شىمپەنزە

hēi xīng xīng

黑猩猩

chimpanzee

سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← پىرىماتلار ئەترىتى ← شىمپەنزە ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: ئافرىقا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى

يېمەكلىكى: مېۋە، دەرەخ يوپۇرمىقى، كىچىك ھايۋان قاتارلىقلار

كۆشەندىسى: يىلپىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## هايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



شىمپەنزە ئىنسانلاردىن قالسىلا ئەڭ ئەقىللىق ھېسابلىنىدىغان ھايۋانلارنىڭ بىرى. شىمپەنزە توپغا ئادەتتە بىر يېتىلگەن ئەركەك شىمپەنزە رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇزۇقلۇق مىقدارى كۆپ بولۇپ، ھەر كۈنى 5 ~ 6 سائەت ئۇزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. تەربىيەلەنگەن شىمپەنزە بەزىبىر تېخنىكا، قول ئىشارەتلىرىنى ئۆگىنەلەيلا قالماستىن، بەلكى كومپيۇتېرنىڭ كۇنۇپكا تاختىسىنى ئىشلىتىپ، سۆزلۈكلەرنى ئۆگىنەلەيدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

شىمپەنزە ئاددىي «ئەسۋابلارنى» ئىشلىتەلەيدۇ. ئۇ ئوت - چۆپ غولىنى چۇمۇلە ئۇۋىسىغا تىقىپ تۇرۇپ، چۇمۇلىلەر كۆپرەك ياماشقاندا چىقىرىپ ئاغزىغا سېلىپ تازا ھوزۇرلىنىپ يەيدۇ.



# كاۋلا (دەرەخ خالتىلىق ئېيىقى)

kǎo lā
考拉
koala

سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار سىنىپى ← قوش كەسكۈر چىشلىقلار ئەترىتى ← دەرەخ خالتىلىق ئېيىقى ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: ئاۋستىرالىيەنىڭ شەرقىي قىسىم دېڭىز ساھىلى ئاراللىرى ھەم ئېگىز ئېۋكالىپت دەرەخزارلىقى

يېمەكلىكى: ئېۋكالىپت دەرىخى يوپۇرمىقى ۋە يۇمران نوتىلىرى

كۈشەندىسى: مۈشۈكياپىلاق، سار، تۈلكە قاتارلىقلار

www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



كاۋلا يۇۋاش، مۆمىن بولۇپ، كىچىك مۇشۇكئېيىققا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بىر جۇپ چوڭ قۇلىقى بار، بۇرنى ياپىلاق ھەم كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، قۇيرۇقى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت دەرەختە راھەت ئولتۇرالايدۇ. كاۋلا ئېھتىياجلىق سۇنىڭ 90% ىگە ئېۋكالىپت دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئېرىشىدۇ، شۇڭا كاۋلا ئاغرىپ قالغاندا ياكى قۇرغاقچىلىق ۋاقىتلاردا ئاندىن سۇ ئىچىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

«كاۋلا» ئاۋسترالىيە يەرلىك ئاھالىسىنىڭ تىلى بولۇپ، «سۇ ئىچمەيدۇ» دېگەن مەنىدە. كاۋلا يەنە «دەرەخ خالتىلىق ئېيىقى» ياكى «قۇيرۇقسىز ئېيىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.



# تىيىن

sōng shǔ

松鼠

squirrel



## سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← غاجىلىغۇچىلار ئەترىتى ← تىيىن ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: سوغۇق مۆتىدىل بەلباغ ۋە سۇبسوغۇق بەلباغ يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمانلىقلىرى رايونى

يېمەكلىكى: قاتتىق پوستلۇق مېۋە قاتارلىقلار

كۈشەندىسى: قارچىغا، بۆلغۈن، يىلان قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە

تيىن دەرەخقە يامىشىشقا ۋە تاقلاشقا ماھىر بولۇپ، تۈكلۈك چوڭ قۇيرۇقى پاراشۇتنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ. تيىننىڭ پۇراش سېزىمى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، تاڭ سەھەردە ۋە كەچقۇرۇندا دەرەختىن چۈشۈپ يەردە ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. ئۆچەككە كىرمىگەچكە، كۈزدە مول ئوزۇقلۇق توپلاشقا ئادەتلەنگەن.





### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

تيىن دەرەخ كامارلىرىدىن پايدىلىنىپ ياكى يەرگە كامار كولاپ، مېۋە قاتارلىق ئوزۇقلۇقلارنى ساقلايدۇ. يەنە لاي ۋە يوپۇرماقلار بىلەن كامار ئېغىزىنى ئېتىپ باشقىلارنىڭ بايقاپ قېلىشىدىن ساقلىنىدۇ.



# كىرپە

cì wèi
刺猬
hedgehog

سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← قۇرتخورلار ئەترىتى ← كىرپە ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: ئورمانلىقلار، يايلاقلار ۋە قاقاس رايونلار


يېمەكلىكى: ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار، كىچىك ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار ھەمدە ئوت - چۆپ يىلتىزى، خەمەك قاتار-لىقلار

كۆشەندىسى: قارچىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



كىرپىنىڭ تېنى سېمىز، پاكار، كۆزى كىچىك، تۇكى قىسقا، پۈتۈن بەدىنىنى ئۇچلۇق تىكەنلەر قاپلاپ تۇرىدۇ. دۈشمەنلىرىگە يولۇققاندا تۈگۈلۈپ توپ شەكلىگە كىرىۋېلىپ، تىكىنىنى سىرتقا قارىتىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ. لېكىن، ئەمدىلا تۇغۇلغان كىچىك كىرپىنىڭ تىكىنى بولمايدۇ، كۆزىمۇ كۆرمەيدۇ



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

كىرپىنىڭ ئۆچەككە كىرىش ئادىتى بار، ئۇ توپتوغرا بەش ئاي ئۇخلىغاندىن كېيىن ئاندىن چىقىپ ھەرىكەت قىلىدۇ.



# شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى

bĕi jí xióng

北极熊

polar bear

سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← گۆشخورلار ئەترىتى ← ئېيىق ئائىلىسى**

ماكانلىشش ئورنى: شىمالىي قۇتۇپ

يېمەكلىكى: تيۇلېن (دېڭىز يىلپىزى)، بېلىق قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ چوڭ گۆشخور ھايۋان، ھەقىقىي ئىسمى جىسمىغا لايىق «شىمالىي قۇتۇپنىڭ غوجايىنى». ئۇ قېلىن ماي قەۋىتى ۋە تۈكى ئارقىلىق ئىسسىقلىقنى ساقلايدۇ، ئۇنىڭ ئاق رەڭلىك تاشقى قىياپىتى قاردىكى ناھايىتى ياخشى قوغدىنىش رەڭگى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئوزۇقلۇق تۇتىدۇ، شۇڭا، ئۇ شىمالىي قۇتۇپتەك بۇ خىل دەھشەتلىك كىلىماتتىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ئاق رەڭلىك تۈكى قاپلاپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ تېرىسى قارا رەڭلىك بولۇپ، بۇ تېخىمۇ كۆپ ئىسسىقلىق سۈمۈرۈشكە پايدىلىق.




# مۈشۈك

māo

猫

cat

سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← گۆشخورلار ئەترىتى ← مۈشۈك ئائىلىسى**


ماكانلىشىش ئورنى: جەنۇبىي قۇتۇپتىن باشقا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى

يېمەكلىكى: بېلىق، چاشقان قاتارلىقلار

www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھىكايە



مۈشۈك بولسا چاشقانلارنىڭ كۈشەندىسى، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى چاققان، پۇتىغا ناھايىتى يۇمشاق گۆش تەگلىك ئۆسكەن بولۇپ، بۇ بىر قەۋەت گۆش تەگلىك مۈشۈك ئېگىزدىن پەسكە سەكرىگەندە سوقۇلۇشنى ئاجىزلىتىش رولىنى ئۆتەپلا قالماستىن، ماڭغاندا تىۋىش چىقارماسلىق رولىنى ئۆتەيدۇ. شۇڭا، ئوۋغا شۇنچە يېقىنلاشسىمۇ، ئاسان بايقىلىپ قالمايدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

مۈشۈكنىڭ كۆز قارىچۇقى ئىنتايىن سەزگۈر بولۇپ، چۈشتىكى كۈچلۈك ئاپتاپتا كۆز قارىچۇقى كىچىكلەپ، بىر تال سىزىققا ئوخشاپ قالىدۇ. كەچتىكى قاراڭغۇدا كۆز قارىچۇقى يوغىناپ، يۇپيۇمىلاق ئايغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەتىگەنكى كۈن نۇرىدا كۆز قارىچۇقى يېرىم ئاي شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ.



# توشقان

tù zǐ
兔子
rabbit

سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار سىنىپى ← توشقانسىمانلار ئەترىتى ←توشقان ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: جەنۇبىي قۇتۇپتىن باشقا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى

يېمەكلىكى: سەۋزە، ئوت - چۆپ قاتارلىقلار

كۆشەندىسى: قارچىغا، بۆرە قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



توشقاننىڭ باش قىسمى چاشقانغا ئوخشايدۇ، قۇيرۇقى قىسقا، قۇلىقى ئۇزۇن، ئۈستۈنكى كالپۇكى يېرىق، كەينى پۇتى ئالدى پۇتىدىن ئۇزۇن، سەكرەشكە ماھىر، تېز يۈگۈرەيدۇ. توشقاننىڭ قۇلىقى ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئەركىن بۇرىلالايدۇ. چۈنكى توشقاننىڭ ئۆزىنى قوغدىيالايدىغان باشقا ئىقتىدارى بولمىغاچقا، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ، ھەر ۋاقىت قېچىشقا تەييار تۇرىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

قارا توشقاننىڭ كۆزى قارا رەڭدە، كۈل رەڭ توشقاننىڭ كۆزى كۈل رەڭدە، ئاق توشقاننىڭ كۆزى سۈزۈك بولىدۇ. چۈنكى ئاق توشقاننىڭ كۆزىدىكى قىلدام قان تومۇرلار كۈن نۇرىنى قايتۇرغاچقا، سۈزۈك كۆزى قىزغۇچ كۆرۈنىدۇ.



# قوي

mián yáng

# 绵羊

sheep

## سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار سىنىپى ← ئاچا تۇياقلىقلار ئەترىتى ← قوي ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: جەنۇبىي قۇتۇپتىن باشقا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى

يېمەكلىكى: ئوت - چۆپ قاتارلىقلار

كۈشەندىسى: بۆرە، شىر قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



قوي ئاساسەن يايلاقتا ياشايدۇ، ھەرىكىتى ئاستا بولىدۇ، ساقىلى بولمايدۇ. تەن شەكلى سىپمىز، يۇمىلاق، يۇڭى قويۇق كېلىدۇ. ئۇ يۇڭ كېيىمنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى. قوي ئىنتايىن قورقۇنچاق بولۇپ، توپلىشىپ بىرلىكتە ئوتلاشنى ياخشى كۆرىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

قوزىلارنىڭ تۇرقى ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن ھەر قايسىسىنىڭ مەرەش ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. ھەربىر ئانا قوي ئۆز بالىسىنىڭ ئاۋازىنى تونۇيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ئاسانلا قوي توپىدىن ئۆز بالىسىنى تاپالايدۇ.



# ئات


mǎ

马

horse



## سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← تۇم تۇياقلىقلار ئەترىتى ← ئات ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: جەنۇبىي قۇتۇپتىن باشقا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى

يېمەكلىكى: ئوت - چۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



ئات بولسا چوڭ تېپتىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. ئۇ ئەسلىدە ئورمانلىقتا ياشايدىغان بولۇپ، كېيىنچە يايلاقتا چاپىدىغان ھايۋانغا ئايلانغان. ئاتنىڭ ئىنچىكە ئۇزۇن پۇتى تېز سۈرئەتتە يۈگۈرۈشكە ماسلاشقان، كۆرۈش دائىرىسى كەڭ كۆزى ئۇنىڭ يېمەكلىك يەۋاتقاندا كۈشەندىسىنى بايقىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئاتنىڭ پۇراش ۋە ئاڭلاش سېزىمى ئىنتايىن سەزگۈر، لېكىن كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزراق بولىدۇ. ئۇلار پەقەت سېرىق، كۆك، يېشىل، قىزىل قاتارلىق ئاساسىي رەڭلەرنىلا پەرقلەندۈرەلەيدۇ.

### ھەيران قالارلىق ئارخىپ


قەدىمكى ۋاقىتتا ياۋا ئات تېز سۈرئەتتە ھەم دەل ۋاقىتتا كۈشەندىلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن قېچىش ئۈچۈن، ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلاپ، ھەر ۋاقىت يۇكسەك ھوشيارلىقنى ساقلايتتى. ئۆي ئېتى ياۋا ئاتتىن كۆندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلاش ئادىتىنى ساقلاپ قالغان.



# كالا

niú
牛
moo – cow

## سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار سىنىپى ← ئاچا تۇياقلىقلار ئەترىتى ← كالا ئائىلىسى**


ماكانلىشىش ئورنى: جەنۇبىي قۇتۇپتىن باشقا دۇنيانىڭ هەر قايسى جايلىرى

يېمەكلىكى: ئوت - چۆپ قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## هايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



كالىنىڭ تېنى يوغان، كۆچلۈك بولۇپ، يەر ئاغدۇرۇشقا، هارۋا سۆرەشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ كۆشەيدىغان ئۆي هايۋىنى بولۇپ، تۆت ئاشقازىنى بولىدۇ، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم هالدا ئالدىنقى قېرىن (چوڭ قېرىن)، تورلۇق قېرىن، توققۇز تورلۇق ۋە شىردان قاتارلىقلاردۇر. شىردانغا كىرگەن يېمەكلىكلەرلا هەقىقىي هەزىم بولىدۇ. كالىنىڭ ئۇخلاش ۋاقتى ناهايىتى قىسقا بولىدۇ، شۇڭا كېچىدىمۇ يېمەكلىك يەيدۇ.

### هەيران قالارلىق ئارخىپ

كالا غەربتە بايلىق ۋە كۈچ قۇۋۋەتكە سىمۋول قىلىنغان، جۇڭگودا ئەمگەكچانلىققا سىمۋول قىلىنغان، هىندىستاندا بولسا مۇقەددەس هايۋان دەپ قارىلىدۇ.



# كىت


jīng
鲸
whale

## سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار سىنىپى ← كىت ئائىلىسى**
ماكانلىشىش ئورنى: دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دېڭىز - ئوكيانلار
يېمەكلىكى: ھەر خىل بېلىق، راك، سىياھبېلىق قاتارلىقلار

## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



كىت بېلىققا ناھايىتى ئوخشايدۇ، لېكىن بېلىق ئەمەس، ئۇ دېڭىز - ئوكياندا ياشايدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋاندۇر. كىت چىشى بولغان چىشلىق كىت ۋە چىشى بولمىغان بۇرۇتلۇق كىت دەپ بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ تېنى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ئەڭ چوڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 نەچچە مېتىرغا يېتىدۇ. ئۇنى ھەققەتەن «دېڭىز پادىشاھى» دېيىشكە بولىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

كۆك كىت بولسا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ھايۋاندۇر. ئۇنىڭ دۈمبىسىدە 100 نەچچە ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ئولتۇرالايدۇ.



# دېلفىن

hǎi tún

# 海豚

dolphin



سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار



**سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار سىنىپى ← كىت ئەترىتى ← چىشلىق كىت كەنجى ئەترىتى ← دېلفىن ئائىلىسى**


ماكانلىشىش ئورنى: دۇنيانىڭ هەر قايسى جايلىرىدىكى ئوكيانلار

يېمەكلىكى: كىچىك بېلىقلار، سىياهبېلىق، راك، قىسقۇچپاقا قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە




دېلفىن كوللېكتىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەر خىل كىچىك بېلىقلارنى، راكلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. دېلفىن ئەقىللىق، ئۇماق ھايۋان بولۇپ، دائىم مۇلايىم، يېقىملىق ھالىتىنى نامايان قىلىپ كىشىلەرگە يېقىنلىشىدۇ. ئىنسانلارغا ئىنتايىن دوستانە بولۇپ، بەزىدە سۇغا چۈشۈپ كەتكەنلەرنى «قۇتقۇزۇپ»، ئۇلارنى قىرغاققا ئىتتىرىپ چىقىرىدۇ.

### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

دېلفىننىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ھايۋاناتلار ئارىسىدا بىرىنچى، ئىككىنچى سانىلىدىغان بولۇپ، كىشىلەر «دېڭىز ئەقىللىقى» دەپ ئاتايدۇ.




بېلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بېلىقلار ئەڭ قەدىمكى ئومۇرتقىلىق هايۋان بولۇپ، تاتلىق سۇلۇق كۆللەر، دەريالاردىن تۇزلۇق سۇلۇق دېڭىز ۋە ئوكيانلارغىچە ئۇلارنىڭ ماكانلاشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بېلىقلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولسا: بەدەن تېمپېراتۇرىسى تاشقى مۇھىت تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. ئادەتتە تېنىنىڭ يان تەرىپىدە قاسىرىقى ۋە پالاقچىسى بولىدۇ، ساقىقى (ژابراسى) ئارقىلىق نەپەسلىنىدۇ. بېلىقلارنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كۆمۈرچەكلىك بېلىق ۋە سۆڭەكلىك بېلىق دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بەزى بېلىقلار تۈرى مەسىلەن، ئالتۇن بېلىق، ئىسسىق بەلباغ بېلىقى قاتارلىقلارنىڭ بەدەن هالىتى هەر خىل شەكىلدە، رەڭگى كۆركەم بولۇپ، بىر قەدەر يۇقىرى هۇزۇرلىنىش قىممىتىگە ئىگە. تۆۋەندە بىز بۇ سۇ ئۈزىدىغان هايۋانلار بىلەن تونۇشۇپ باقايلى.



# لەھەڭ (ئاكۇلا)

shā yú
鲨鱼
shark

بېلىقلار




**كۆمۈرچەكلىك بېلىقلار سىنىپى ← لەھەڭ ئەترىتى**
ماكانلىشىش ئورنى: دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئوكيانلار
يېمەكلىكى: دېڭىز - ئوكياندىكى سۈت ئەمگۈچىلەر، بېلىق قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



لەھەڭنىڭ تېنى ئۇرچۇقسىمان بولۇپ، مۇسكۇللىرى تەرەققىي قىلغان، چىشى ئۆتكۈر، ھەرە چىشسىمان بولىدۇ. ئۇۋنى چىشلەپ تۇتالاپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنى ھەرىدەپ ئېزىۋېتىدۇ. ئۇ دېڭىز - ئوكياندىكى قورقۇنچلۇق سوغۇققان قاتىل. باشقا بېلىقلار تۈرى بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، لەھەڭنىڭ پۇۋەكچىسى بولمايدۇ، ئەگەر ئۇزۇشتىن توختىسا چۆكۈپ كېتىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

لەھەڭنىڭ ئاغزىدا نۇرغۇن رەت چىشى بولىدۇ. ئالدىنقى رەتتىكى چىشى ئۇپراپ كەتسە ياكى سۇنۇپ كەتسە، كېيىنكى رەتتىكى چىشلىرى ئۇنى «تولۇقلايدۇ».



# كېپىنەك بېلىق

hú dié yú

# 蝴蝶鱼

butterflyfish

بېلىقلار




**سۆڭەكلىك بېلىقلار سىنىپى ← ئوكۇنسىمانلار ئەترىتى ← كېپىنەك بېلىق ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: ئىسسىق بەلباغ دېڭىز تەۋەلىكىدىكى مارجان خادا تاشلىرى

يېمەكلىكى: كىچىك تىپتىكى ئومۇرتقىسىز هايۋان، كىچىك تىپتىكى قاپلىق (قاسراقلىق) هايۋانلار

## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



كېپىنەك بېلىقنىڭ رەڭگى كۆركەم بولۇپ، قارىماققا چىرايلىق كېپىنەككە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ تېنى ھەم ياپىلاق، ھەم نېپىز بولغاچقا، خەتەرگە يولۇققاندا ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كىچىك مارجان خادا تاشلار ئارىسىغا ۋە تاغ جىنسلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىغا كىرىۋالىدۇ. كېپىنەك بېلىق ئاجايىپ قالتىس «ھۆسن ئۆزگەرتىش پادىشاھى» بولۇپ، ئۇلار نەچچە مىنۇت ۋاقىتتىلا ئۆز بەدىنىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

كېپىنەك بېلىقنىڭ قۇيرۇق قىسمىدىكى داغ قارىماققا كىچىك كۆزگە ئوخشايدۇ، ئۇ زۇقلۇق تۇتقۇچى دائىم كېپىنەك بېلىقنىڭ قۇيرۇق قىسمى بىلەن باش قىسمىنى ئاسان پەرق ئېتەلمىگەچكە، كېپىنەك بېلىق غىپپىدە تىكىۋېتەلەيدۇ.



www.uyghurkitap.com

# باربۇس بېلىقى

xiǎo chǒu yú

# 小丑鱼

clown fish

## بېلىقلار



**سۆڭەكلىك بېلىقلار سىنىپى ← ئوكۇنسىمانلار ئەترىتى ← پوماسېنتىر ئائىلىسى**


ماكانلىشىش ئورنى: ئىسسىق بەلباغ مارجان خادا تاشلىرى ئارىسى

يېمەكلىكى: كىچىك بېلىق ۋە كىچىك راكلار

www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



باربۇس بېلىقىنىڭ رەڭگى كۆركەم، ئوماق، نازۇك بولۇپ، يۈزىدە بىر ياكى ئىككى تال ئاق سىزىق بولىدۇ، ئۇ جىڭجۇي تىياتىرىدىكى ھەييارغا ئوخشىغاچقا كىشىلەر ئۇنى «ھەييار بېلىق» دەپ ئاتىغان. باربۇس بېلىقى دېڭىز ئاپتاپپەرىسىدىن ئايرىلمايدۇ، دېڭىز ئاپتاپپەرىسى ئۆزىنىڭ زەھەرلىك بۇرۇتچىسى بىلەن باربۇس بېلىقىنى قوغدايدۇ؛ باربۇس بېلىقى بولسا دېڭىز ئاپتاپپەرىسگە ئولجىلارنى قىزىقتۇرۇپ ئەكېلىپ بېرىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

دېڭىز ئاپتاپپەرىسىنىڭ بۇرۇتچىسى بىر خىل زەھەرلىك سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ، لېكىن باربۇس بېلىقى ئۇنىڭدىن قورقمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بەدىنىدە بىر قەۋەت يېپىشقاق سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئۆزىنى دېڭىز ئاپتاپپەرىسىنىڭ زەخمىلەندۈرۈپ قويۇشىدىن ساقلايدۇ.




# يېسسى بېلىق

shén xiān yú

神仙鱼

common angelfish

## بېلىقلار



**سۆڭەكلىك بېلىقلار سىنىپى ← ئوكۇنسىمانلار ئەترىتى ← سىخلا بېلىق ئائىلىسى**


ماكانلىشىش ئورنى: ئەسلىي ماكانى جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى

يېمەكلىكى: ھايۋانات خاراكتېرلىك سۇ قۇرتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## هايۋانلار هەققىدە هېكايە



يېسسى بېلىق تەن قۇرۇلۇشى بىر قەدەر چوڭ بولغان ئىسسىق بەلباغ بېلىقى بولۇپ، مارجان خادا تاشلىرى تېيىز بولغان ئىللىق دېڭىز تەۋەلىكىگە تارقالغان. ئاساسلىقى مارجان قۇرتى ۋە پارازىت قۇرت قاتارلىقلارنى تۇتۇپ ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ رەڭگى چىرايلىق، سۇ ئۈزۈش هالىتى لەرزان بولۇپ، «بېلىق پادىشاهى» دەپ تەرىپلىنىدۇ.



### هەيران قالارلىق ئارخىپ

يېسسى بېلىقنىڭ قىياپىتى لەيلەپ ئۇچقاندەك بولۇپ، كۆركەم، گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ئىنگلىزچە نامىنىڭ «پەرىشتە بېلىق» ئىكەنلىكىدىن كىشىلەرنىڭ ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.




# دىئودون بېلىقى

cì tún

刺鲀

porcupine fish

بېلىقلار



**سۆڭەكلىك بېلىقلار سىنىپى ← تېترائودون بېلىقى ئەترىتى ← دىئودون بېلىقى ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: ئۈچ چوڭ ئوكياننىڭ ئىسسىق سۇ دېڭىز رايونىغا كەڭ تارقالغان

يېمەكلىكى: راك، قىسقۇچپاقا قاتارلىقلار


كۆشەندىسى: لەھەڭ قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە

دىئودون بېلىقىنىڭ تېنى قىسقا، يۇمىلاق بولۇپ، سۇ ئۈزۈش ئىقتىدارى ناچار بولىدۇ. ئىسسىق بەلباغ دېڭىز يۇسۇنى ۋە مارجان خادا تاشلىرى ئەتراپىدىكى تۆۋەنكى قەۋەتتە ياشايدۇ، پۈتۈن بەدىنىدە ئۇچلۇق ھەم قاتتىق تىكىنى بولۇپ، قورقۇلۇقتىكى كىچىك كىرپىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. ئادەتتە بەدىنىدىكى تىكىنى تېنىگە چاپلىشىپ تۇرغاچقا، ئاسان بايقىغىلى بولمايدۇ.





### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

خەتەرگە يولۇققاندا دىئودون بېلىقى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھاۋا ياكى سۇ سۈمۈرۈپ، ئۆزىنى يۇمىلاق چوڭ توپتەك قىلىۋېلىپ دۈشمىنىنى قورقىتىدۇ ھەمدە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىدۇ.



# سەقەنقۇر

hǎi mǎ

海马

sea horse

## بېلىقلار



**سۆڭەكلىك بېلىقلار سىنىپى ← يىڭنە بېلىق ئەترىتى ← يىڭنە بېلىق ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: جەنۇبىي شىمالىي كەڭلىك 30 گرادۇس ئارىلىقىدىكى ئىسسىق بەلباغ ۋە سۇبتروپىك بەلباغ قىرغاقلىرىدىكى تېيىز سۇ دېڭىز رايونى

يېمەكلىكى: يانپاش راك، ھالقىسمان قۇرت، بېلىجان قاتارلىقلار

www.uyghurkitap.com

## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



سەقەنقۇر بىر خىل غەلىتە بېلىق بولۇپ، باش قىسمى ئاتقا ئوخشايدۇ، تۇمشۇقى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدۇ، يەنە ئۇزىراپ قىسقىرالايدىغان ئۇزۇن قۇيرۇقى بولىدۇ. باشقا بېلىقلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، سەقەنقۇرنىڭ قۇيرۇقى يۆگىلىدۇ. ئىتتىك ئېقىمنىڭ ئېقىتىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سەقەنقۇر قۇيرۇقىنى دېڭىز يۇسۇنىغا يۆگىۋالىدۇ. كىچىك سەقەنقۇرلار ئۆزئارا قۇيرۇقلىرىنى بىر - بىرىگە ئىلىشىپ، بەدىنىنى مۇقىملايدۇ.

### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

سەقەنقۇرنىڭ بالىسىنى ئۇنىڭ دادىسى «باسۇرۇپ» چىقىرىدۇ. دادىسىنىڭ قورساق قىسمىدا بىر بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسى بولۇپ، سەقەنقۇرنىڭ ئاپىسى تۇخۇمنى ئاشۇ خالتا ئىچىگە تۇغۇپ دادىسىنىڭ پەرۋىش قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ. تۇخۇم يېتىلىپ بولغاندىن كېيىن سەقەنقۇر بالىسى دادىسىنىڭ بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسىدىن چىقىدۇ.




قۇشلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قۇشلار ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ بىر چوڭ تۈرى. ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى — بەدەن تېمپېراتۇرىسى مۇقىم بولىدۇ، تۇخۇمدىن تۇغۇلىدۇ، چىشى بولمايدۇ، پۈتۈن بەدىنى پەي بىلەن قاپلانغان، كۆكرەك قىسمىدا تۆش سۆڭىكى سىرتقا تومپىيىپ چىقىپ تۇرىدۇ. ئالدى پۇتى قاناتقا ئايلانغان بولۇپ، كەينى پۇتىدا ماڭىدۇ. قىسمەن قۇشلارنىڭ كۆچۈش ئادىتى بولىدۇ. مەسىلەن، ئاق قۇ، ياۋا غاز، قارلىغاچ قاتارلىقلار. قۇشلار ئاساسەن ئىسسىق بەلباغ، سۇبتروپىك بەلباغ ۋە ئىللىق بەلباغلارغا تارقالغان. كۆپ ساندىكى قۇشلار ئۇچالايدۇ. مەسىلەن، كەپتەر، سېغىزخان قاتارلىقلار. بەزىلىرىنىڭ قانىتى رودىمېنتلاشقان بولۇپ ئۇچالمايدۇ. مەسىلەن، تۆگىقۇش، پىنگۋىن، ئۆردەك قاتارلىقلار. نۇرغۇنلىغان قۇشلارنىڭ چىرايلىق پەيلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، توز، شاتۇت قاتارلىقلار. تۆۋەندە بىز چىرايلىق پەيلىرى بولغان بۇ قۇشلار بىلەن تونۇشۇپ باقايلى!





# ئاق قۇ

tiān é

天鹅

swan

قۇشلار



**قۇشلار سىنىپى ← ياۋا غازسىمانلار ئەترىتى ← ئۆردەك ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: كۆپ قومۇشلۇق كۆللەر، ساسلىق رايونلار


يېمەكلىكى: سۇدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول يىلتىزلىرى ۋە ئۇرۇقى

كۈشەندىسى: بۆرە، تۈلكە، بۈركۈت قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



ئاق قۇ بولسا قىشلىمايدىغان قۇش بولۇپ، كۆللەر ۋە ساسلىقلاردا توپلىشىپ ياشاشقا ئامراق. ئاساسلىقى سۇدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن بوينى، قارا رەڭلىك پۇتى ۋە پالاقچىسى بولىدۇ. كۆچۈپ ئۇچقاندا بوشلۇقتا يانتۇ سىزىق ياكى «V» ھەرپى شەكلىدە سەپ تۈزۈپ ئىلگىرىلەيدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

ئاق قۇ چوڭ تىپتىكى قۇش بولۇپ، ئەڭ چوڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 مېتىرغا يېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى قوغداش ئۈچۈن تۈلكە قاتارلىقلار بىلەن ھايات - ماماتلىق كۈرەش قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ.



# قارچىغا

yīng

鹰

eagle





**قۇشلار سىنىپى ← لاچىنسىمانلار ئەترىتى ← قارچىغا ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن تاغلىق رايونلار

يېمەكلىكى: چاشقان، قۇش قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



قارچىغىنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ. ئۇ، كىچىك ھايۋانلارنى يەيدىغان چوڭ قۇشتۇر. ئۇلارنىڭ ئۇچۇش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئۆتكۈر بولۇپ، نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چۈجىنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ خىل ئوزۇقلۇق ئىزدەش ئىقتىدارى بولىدۇ، لېكىن ئاساسلىق ئوۋ قوغلاش ئۇسۇلى بولسا يەڭگىل تېگىپ ئۆتۈش ياكى چاققانلىق بىلەن جېنىنىڭ بېرىچە قېچىۋاتقان ھايۋانلارنى قوغلاش.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ يىرتقۇچ قارچىغا بولسا جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمانلىقىدا ياشايدىغان مۈڭگۈزلۈك قارچىغىدۇر. ئۇلار دائىم ئورمانلىقتا شىرنى قوغلاپ، ئۆتكۈر تىرنىقى بىلەن ئوۋنى تۇتۇۋالىدۇ.



# مۇشۇكياپىلاق

māo tóu yīng

# 猫头鹰

owl





**قۇشلار سىنىپى ← بايقۇشسىمانلار ئەترىتى ← بايقۇش ئائىلىسى**


ماكانلىشىش ئورنى: جەنۇبىي قۇتۇپتىن باشقا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى

يېمەكلىكى: چاشقان، قۇش، كەسلەنچۈك قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



مۇشۇكياپىلاق كېچىسى ھەرىكەت قىلىدىغان قۇش بولۇپ، پۈتۈن دۇنيادا تارقىلىشى بىر قەدەر كەڭرى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالمىسى نەيچىسىمان، بويىنى ھەم ئۇزۇن، ھەم يۇمشاق بولۇپ، 270 گرادۇس ئايلىنالايدۇ. مۇشۇكياپىلاق ئۇچقاندا ئاساسەن ئاۋاز چىقارمايدۇ، ئاڭلاش سېزىمىغا تايىنىپ ئورۇن بەلگىلەيدۇ. ئۇ چاشقان تۇتۇش ماھىرى بولۇپ، زىرائەتلەرنىڭ ياخشى دوستىدۇر.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

مۇشۇكياپىلاق تۇتۇۋالغان ئوۋنى بىراقلا يۇتۇۋېتىپ، ئاندىن بىر كاللەك «گۆش كۆمەلىچى» غا ئوخشاش نەرسىنى قۇسۇپ چىقىرىدۇ. بۇ بىر كاللەك «گۆش كۆمەلىچى» ئەمەلىيەتتە ھەزىم بولمىغان تېرە، تۈك ۋە سۆڭەكلەردۇر.



# قىزىل قانات (فىلامىنگو)

huǒ liè niǎo

火烈鸟

flamingo

## قۇشلار



**قۇشلار سىنىپى ← لەيلەكسىمانلار ئەترىتى ← قىزىل لەيلەك ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: ئافرىقا قىتئەسى، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى قاتارلىق جايلاردىكى تۇزلۇق كۆل ۋە ساسلىق رايونلار

يېمەكلىكى: سەدەپ قۇلۇلىسى، راك قاتارلىقلار

كۆشەندىسى: ھىندى لەيلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



قىزىل قانات (فىلامىنگو) توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بوينى ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ، ئادەتتە «S» ھەرپى شەكلىدە ئېگىلىپ تۇرىدۇ. پۇتۇن بەدىنىدە سۇس قىزغۇچ پەيى بولىدۇ. فىلامىنگونىڭ ئېغىزى ئەلگەككە ئوخشايدۇ، ئۇلار تېيىز ساھىلدا ئۇزۇقلۇق يەۋاتقاندا ئېغىزىغا يوغان بىر ئوتلام سۇ ئېلىپ، ئاندىن سۇنى ئېغىزىدىكى كىچىك تۆشۈكتىن چىقىرىۋېتىدۇ. بۇنداق قىلغاندا سۇدىكى كىچىك جانلىقلار ئۇنىڭ ئاغزىدا قېپقالىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

فىلامىنگونىڭ رەڭگىنىڭ سۇس قىزغۇچ بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇلار سۇس قىزغۇچ رەڭلىك كىچىك راكنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىچىك راكنى كۆپ يېگەنلىكتىن بەدىنىمۇ تەبىئىي ھالدا سۇس قىزغۇچ رەڭگە كىرگەن. ئەگەر ئۇلار يېتەرلىك كىچىك راك يېيەلمەيدىغان بولسا بەدىنى كۈل رەڭگە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى.




# توگىقۇش

tuó niǎo

鸵鸟

ostrich





**قۇشلار سىنىپى ← توگىقۇش ئەترىتى ← توگىقۇش ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: قۇملۇق ۋە ئىسسىق بەلباغ ئوتلاقلىرى


يېمەكلىكى: ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى، يۇمران بىخى، ھاشارات قاتارلىقلار

كۆشەندىسى: شىر

www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



تۆگىقۇش ئاساسلىقى ئافرىقا قىتئەسىدىكى ئوتلاق ۋە قۇملۇق رايونلاردا ياشايدۇ. ئۇ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بەدەن قۇرۇلۇشى ئەڭ چوڭ، ئۇچالمايدىغان قۇش. ئالاھىدىلىكى بولسا، بوينى ئۇزۇن، ئەمما پېيى بولمايدۇ. پۇتى ئۇزۇن ھەم كۈچلۈك بولۇپ، مېڭىشقا ۋە يۈگۈرۈشكە ماسلاشقان. تۆگىقۇش توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ، پۇراش ۋە ئاڭلاش سېزىمى ئىنتايىن كۈچلۈك.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

تۆگىقۇش گەرچە ئۇچالمىسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن تېز يۈگۈرىدۇ، خەتەرگە يولۇققاندا، سائەتىگە 72 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن قاچىدۇ. بۇ سۈرئەت بەيگە ئېتىنىڭكىدىنمۇ تېز.



# تۇز

kǒng què

孔 雀

peafowl





**قۇشلار سىنىپى ← توخۇسىمانلار ئەترىتى ← قىرغاۋۇل ئائىلىسى**


ماكانلىشىش ئورنى : دەريا جىلغىسى بەلبېغى ھەمدە چاتقاللىقلار، بامبۇكزارلىقلار ۋە ئورمانلىقلارنىڭ ئو-
چۇقچىلىق جايلىرى

يېمەكلىكى : مېۋە، موگۇ، يۇمران ئوت، ھاشارات قاتارلىقلار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



تورنىڭ پەيلىرى ئىنتايىن چىرايلىق بولسى-مۇ، ئەمما ئۇچۇشقا ماھىر ئەمەس. ئۇلار كۈندۈزى يەردە ھەرىكەت قىلىپ، ئۇرۇق، كىچىك يوپۇرماق، مېۋە ۋە ھاشاراتلەرنى ئىزدىسە، كەچتە دەرەخقە ئۇچۇپ چىقىپ ئۇخلايدۇ. تورنىڭ ئۇزۇقلۇق ئىز-دىگەندىكى ھالىتى توخۇنىڭكىگە ئوخشاش، ھەر ئىككىسى بىر تەرەپتىن مېڭىپ بىر تەرەپتىن چوقۇيدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

تورنىڭ قانىتىنى ئېچىشى گۈزەللىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئەمەس. كۆپىنچە مەز-گىلدە تور قانىتىنى ئېچىش ئارقىلىق جورا ئىزدەيدۇ. ئادەتتىكى ۋاقىتتا تورنىڭ قانىتىنى ئېچىشى بىر خىل ھەيۋە قىلىش بولۇپ، مۇدا-پىئەلىنىش ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ.



# ئاق قۇتان

bái lù

# 白鹭

egret

قۇشلار



**قۇشلار سىنىپى ← لەيلەكسىمانلار ئەترىتى ← قۇتان (قاقىر) ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: ساسلىقلار، كۆللەر ھەم نەم ئورمانلىقلار ۋە باشقا نەم يەرلەر

يېمەكلىكى: بېلىق، راك قاتارلىقلار

كۆشەندىسى: زەھەرلىك يىلان، قارچىغا، ئاغمىخان قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## هايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



ئاق قۇتان ئۇقار دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق بىر خىل سۇ قۇشى. ئۇلارنىڭ ئىنچىكە ئۇزۇن پۇتى ۋە بوينى بولىدۇ، پەيلىرى قارغا ئوخشاش ئاپپاق بولۇپ، كۆللەردە، ساسلىقلاردا ۋە نەم ئورمانلىقلاردا ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. تېز سۇدىكى بېلىق، راك ۋە كىچىك ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئاق قۇتاننىڭ ھوشيارلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بايقىسىلا ئۇچۇپ كېتىدۇ.

### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

سەنشا ئامبىرىغا سۇ توشقۇزۇلغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان ئاق قۇتانلار بۇ يەرگە ماكانلاشقان بولۇپ، بۇ يەر ئاتاقلىق قۇش كۆزىتىش ئورنىغا ئايلاندى.



# قىزىل تاجلىق تۇرنا

dān dǐng hè

# 丹顶鹤

red – crowned crane

قۇشلار



**قۇشلار سىنىپى ← تۇرنىسىمانلار ئەترىتى ← تۇرنا ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: ساسلىق رايونلار


يېمەكلىكى: ئۆسۈملۈك، بېلىق قاتارلىقلار

كۈشەندىسى: بۆرە، تۈلكە قاتارلىقلار

www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



قىزىل تاجلىق تۇرنا شەرقىي ئاسىيا رايونىدىكى ئۆزىگە خاس قۇش تۈرى بولۇپ، تەن شەكلى چىرايلىق، رەڭلىرى ئېنىق ئايرىلغان بولىدۇ. باش قىسمىنىڭ چوققىسىدا قىزىل رەڭلىك تاجىسى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. ئۇلار جۈپ - جۈپ بولۇپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ، توپلىشىپ كۆچىدۇ، ئۆمرى 50 ~ 60 يىلغا يېتىدۇ. قىزىل تاجلىق تۇرنا ئەۋلىيا تۇرنا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جۇڭگودا بەخت - سائادەتكە، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە سىمۋول قىلىنغان.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

تۇرنىنىڭ قېنىدا زەھەر بولمايدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان ئىنتايىن كۈچلۈك زەھەر خىدىڭخۇڭ ئەمەلىيەتتە ئاق مەرگە مۇشتۇر.



# شاتۇتى (تۇتىقۇش)

yīng wǔ

鹦鹉

parrot

قۇشلار



**قۇشلار سىنىپى ← تۇتىسمانلار ئەترىتى ← شاتۇتى ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: مۆتىدىل بەلباغ، سۇبتروپىك بەلباغ ۋە تروپىك بەلباغنىڭ ھەر قايسى رايونلىرى

يېمەكلىكى: چېكەتكە، يۇمران يوپۇرماق قاتارلىقلار

www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



شاتۇتىنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل پەيلىرى، ئادەم تىلىنى ئۆگىنەلەيدىغان ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن زوقلىنىدۇ ۋە ياخشى كۆرىدۇ. شاتۇتى «قۇشلار گۈزىلى» دېيىلىشكە مۇناسىپ. ئۇلارنىڭ ئۇچلۇق تۇمشۇقى ۋە ئۆتكۈر پۇت تىرناقلىرى بولۇپ، قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەرنىڭ پوستىنى ئاجرىتىپ يېيەلەيدۇ. چىشى ۋە ئەركەك شاتۇتىلار جۈپ بولۇپ بىرگە ياشاپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئايرىلمايدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

شاتۇتىنىڭ تەقلىدىي ئاۋاز چىقىرىش تالانتى بولۇپ، ئۇ ئاڭلىغان ئاۋازنى دورىيالايدۇ. مەسىلەن، تېلېفون سىگنالى، ئادەمنىڭ سۆزلىگەن سۆزى، ئېيتقان ناخشىسىنىڭ ئاۋازى ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ ئاۋازى قاتارلىقلار.



# تۆمۈر تۇمشۇق

zhuó mù niǎo

# 啄木鸟

woodpecker



قۇشلار



**قۇشلار سىنىپى ← تۆمۈر تۇمشۇقلار ئەترىتى ← تۆمۈر تۇمشۇق ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تەكشى تارقالغان، ئاساسلىقى جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئە-
سى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا ماكانلاشقان


يېمەكلىكى: كۆپىنچىسى دەرەخ غولىدىكى زىيانداش ھاشاراتلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ

كۆشەندىسى: مولۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



تۆمۈر تۇمشۇق بولسا دائىم ئۇچرايدىغان
كۆچمەس قۇش بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «ئورمان
دوختۇرى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ كۇنبويى ئورمانلىقتا
ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ دەرەخ غولىنىڭ ئى-
چىگە يوشۇرۇنۇۋالغان زىيانداش ھاشاراتلارنى تۇ-
تۇپ يەيدۇ ھەم دەرەخلەرنى «داۋالايدۇ». تۆمۈر
تۇمشۇقنىڭ دەرەخنى چوقۇش سۈرئىتى ئىنتايىن
تېز بولۇپ، ئاۋاز سۈرئىتىنىڭ ئىككى ھەسسە-
سىگە تەڭ دېگۇدەك كېلىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ ئۇزۇن تۇمشۇقى
ئىسكىنىگە ئوخشايدۇ. ئۇ دەرەخ غولىنى
قايتا - قايتا چوقۇپ، چىققان ئاۋازغا ئاسا-
سەن ئىچىدە قۇرت بار - يوقلۇقىغا ھۆكۈم
قىلىدۇ.



# كەپتەر

gē zǐ

鸽子

pigeon

قۇشلار



**قۇشلار سىنىپى ← كەپتەرسىمانلار ئەترىتى ← پاختەك ـ كەپتەر ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: جەنۇبىي قۇتۇپتىن باشقا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى


يېمەكلىكى: مېۋە، ئاشلىق قاتارلىقلار

كۈشەندىسى: سار، مۈشۈكياپىلاق قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



كەپتەرنىڭ قانىتى ئۇزۇن، ئۇچۇش سۈرئىتى تېز ھەم كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلار ئېگىز ئىمارەتلەرگە ياكى تىك يار چوققىلىرىغا ماكانلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئادەتتە نەچچە ئۇنى بىر توپ بولۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ. يەردىكى ياكى دەرەختىكى ئۇرۇق ۋە مېۋىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. كەپتەرنىڭ ئۇۋىسىغا قايتىش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى پوچتا كەپتىرى قىلىپ كۆندۈرۈپ، كىشىلەرگە ئۇچۇر يەتكۈزگۈزىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

بىر باچكا بىر جايدا چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنى يىراق يەنە بىر جايغا ئاپىرىپ قويۇۋەتسە، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ كونا ئۇۋىسىنى توغرا تېپىپ قايتىپ كېلەلەيدۇ.



# هەرىقۇش

fēng niǎo

# 蜂鸟

hummingbird

قۇشلار



**قۇشلار سىنىپى ← هەيران ئەترىتى ← هەرىقۇش ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى


يېمەكلىكى: كىچىك ئۆمۈچۈك، گۈل شىرنىسى قاتارلىقلار

كۆشەندىسى: هەسەل هەرىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



ھەرىقۇش دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك قۇش بولۇپ، رەڭگى چىرايلىق، گۈل شىرنىسىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ئۇچقاندا ئىككى قانىتى ئۆزئارا سۈركۈلۈپ ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش «ۋىڭ ۋىڭ» قىلغان ئاۋاز چىقىرىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ھەرىقۇش دەپ ئاتىشىدۇ. ھەرىقۇشنىڭ ئۇچۇش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، ئىككى قانىتىنىڭ ھەر بىر سېكۇنتتىكى تەۋرىنىش قېتىم سانى 50 قېتىمغا يېتىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

ھەرىقۇش «ئالاھىدە ئۇچۇش ماھارىتى» كۆرسىتەلەيدۇ. ئۇلار بوشلۇقتا تۇرالاپلا قالماستىن، يەنە دۇنيادىكى بىردىنبىر تەتۈر ئۇچالايدىغان قۇشتۇر.



# چايكا

hǎi ōu

海鸥

seagull

قۇشلار



**قۇشلار سىنىپى ← چايكىسىمانلار ئەترىتى ← چايكا ئائىلىسى**


ماكانلىشىش ئورنى: دېڭىز - ئوكيان قىرغاقلىرى

يېمەكلىكى: بېلىق، راك، قىسقۇچپاقا، قۇلۇلە قاتارلىقلار

www.uyghurkitap.com



## هايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



چايكا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان دېڭىز قۇشى بولۇپ، دېڭىز بويلىرى، دېڭىز پورتلىرىدا، بېلىق ۋە راكلار مول بولغان بېلىقچىلىق مەيدانلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. چايكا چاتقاللىقلارغا ئۇۋا ياسايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىغا قايتىش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك. چايكا بېلىق ۋە راكلارنى ئوزۇقلۇق قىلغاندىن باشقا، يەنە كېمە - پاراخوتلاردىن كىشىلەر تاشلىۋەتكەن ئاشقان تاماقلارنى تېرىپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ يەنە «دېڭىز پورتى تازىلىغۇچىسى» دېگەن نامىمۇ بار.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

ئادەتتە قەيەردە چايكا بولسا شۇ يەردە بېلىق بولىدۇ. پاراخوت نەگە تور تاشلاپ بېلىق تۇتسا، شۇ يەردە چايكا پەيدا بولىدۇ.



# پىنگۋىن

qǐ é
企鹅
penguin

## قۇشلار




**قۇشلار سىنىپى ← پىنگۋىن ئەترىتى ← پىنگۋىن ئائىلىسى**
ماكانلىشىش ئورنى: جەنۇبىي قۇتۇپ چوڭ قۇرۇقلۇقى، سۇبتروپىك بەلباغ ۋە تىروپىك بەلباغ رايونلىرى
يېمەكلىكى: بېلىق، راك قاتارلىقلار
كۈشەندىسى: تيۇلېن، دېڭىز شىرى، يىرتقۇچ كىت قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



پىنگۋىن ئادەتتە جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار كېلەڭسىزرەك، لېكىن ئۇماق كېلىدۇ، قارىماققا فىراك كىيىۋالغان مۆتىۋەرگە ئوخشايدۇ. پىنگۋىن گەرچە ئۇچالمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۇ ئۈزۈش ماھىرى بولۇپ، سۇدا ئوزۇقلۇق تۇتۇپ يەيدۇ. پىنگۋىن جەنۇبىي يېرىم شارغا تارقالغان، كۆپىنچە تۇر توپى بويىچە ياشايدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

بارلىق پىنگۋىنلارنىڭ قار - مۇزلۇق جەنۇبىي قۇتۇپتا ياشىشى ناتايىن، بەزى پىنگۋىنلار ھەتتا تومۇز ئىسسىق بولىدىغان ئېكۋاتورنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىدا ياشايدۇ.



# قارلىغاچ

yàn zǐ

燕子

swallow

## قۇشلار



**قۇشلار سىنىپى ← قۇشقاچسىمانلار ئەترىتى ← قارلىغاچ ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: ئەڭ سوغۇق بولىدىغان رايونلاردىن باشقا، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى

يېمەكلىكى: پاشا، چىۋىن قاتارلىق ھاشاراتلار

كۈشەندىسى: سار، مۈشۈكياپىلاق قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



قارلىغاچنىڭ پۇتۇن بەدىنىدە قاپقارا پەيى، بىر جۈپ ھەرىكەتچان قانىتى، قايچىغا ئوخشاش قۇيرۇقى بولىدۇ. قارلىغاچ كىشىلەرنىڭ ئۆي لىملىرىغا ۋە لەمپىلىرىگە ماكانلىشىدۇ. ئاغزىدا لاي - توپا، ئوت - چۆپ، پەي قاتارلىقلارنى ئەكېلىپ ئۆزىنىڭ شۆلگىيىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۇۋا ياسايدۇ.

قارلىغاچ پەسىل قۇشى بولۇپ، ھەر يىلى كۈزدە توپ - توپ بولۇپ شىمالدىن جەنۇبقا قىشنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇچىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

بىر ئۇۋا قارلىغاچ بالىسىنى بىر كۈندە 180 قېتىم ئەتراپىدا ئوزۇقلاندۇرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قارلىغاچنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى ھەقىقەتەن جاپاكەشتۇر!



# ئۆردەك


yā zǐ

鸭子

duck



قۇشلار



**قۇشلار سىنىپى ← ياۋا غازسىمانلار ئەترىتى ← ئۆردەك ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: جەنۇبىي قۇتۇپتىن باشقا، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى

يېمەكلىكى: ئاشلىق، بېلىق قاتارلىقلار

كۈشەندىسى: يىلان، ئاغمىخان قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە




ئۆردەكنىڭ بەدىنى ئاستى تەكشى قېيىققا ئوخشايدىغان بولۇپ، سۇ يۈزىدە لەيلەشكە ماسلاشقان. ئۇنىڭ ئىككى پۇتى ئىنتايىن قىسقا، ئۈچ بارمىقى ئالدىغا، بىر بارمىقى كەينىگە قارايدۇ. ئالدىغا قارىغان ئۈچ بارمىقى ئارىسىدا ئۈزۈش پەردىسى (پالاقچىسى) بولىدۇ. ئۆردەك سۇدا ئۈزگەندە ئىككى پۇتى قېيىقنىڭ پالىقىغا ئوخشاش سۇنى يېرىپ ئالدىغا ئىلگىرىلەيدۇ ھەمدە ئۈزۈش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

ئۆردەكنىڭ كۆزى باش قىسمىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپتىكى ھەممە جاينى كۆرەلەيدۇ، ھەتتا بېشىنى ئايلاندۇرماي تۇرۇپمۇ كەينىنى كۆرەلەيدۇ.




قوش ماكانلىقلار ۋە يەر بېغىرلىغۇچىلار

www.uyghurkitap.com



قوش ماكانلىقلارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى — تۇخۇمدىن تۇغۇلىدۇ، ئۆپكىسىدە نەپەسلىنىدۇ، تېرىسى ئېچىلىپ تۇرىدۇ ھەم نەمخۇش بولىدۇ، قاسىرقى ۋە تۈكى بولمايدۇ. تەن سىرتىدا يېپىشقاق سۇيۇقلۇق چىقىرىدىغان بەزلەر كۆپ بولۇپ، قوشۇمچە نەپەسلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇلارنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىشچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك، يېتىلگەن قوش ماكانلىقلار قۇرۇقلۇقتا ياشاشقا ماسلاشقان. كۆپىيىۋاتقان ۋە يۇمران تەن يېتىلىۋاتقان ۋاقىتتا سۇدىن ئايرىلالمايدۇ. مەسىلەن، پاقىنىڭ قۇمچىقى. يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى: تېنىنىڭ سىرتقى قىسمىدا قاسىرقى ياكى مۈڭگۈز ماددا قەۋىتى بولىدۇ، ئۆپكىسىدە نەپەسلىنىدۇ، بەدەن تېمپېراتۇرىسى تۇراقلىق بولمايدۇ، ئۇچەككە كىرىدۇ. كۆپىنچە يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋانلار تۇخۇمدىن تۇغۇلىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ قوش ماكانلىقلار ۋە يەر بېغىرلىغۇچىلار بىلەن تونۇشۇپ باقايلى!








# تىمساھ

è yú

# 鳄鱼

crocodile





**يەر بېغىرلىغۇچىلار سىنىپى ← تىمساھ ئەترىتى ← تىمساھ ئائىلىسى**


ماكانلىشىش ئورنى: كۆپىنچىسى تىروپىك بەلباغ ۋە سۇبتروپىك بەلباغ رايونلىرىدىكى دەريا ئېقىنلىرى، كۆللەر ۋە كۆپ سۇلۇق سازلىقلاردا ياشايدۇ

يېمەكلىكى: بېلىق، گىنۇ قاتارلىقلار

www.uyghurkitap.com



## هايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



تىمساھ سۇغا كىرسە ئۈزەلەيدۇ، قۇرۇقلۇقتا چىقسا ئۆمىلىيەلەيدۇ. تېنى سېمىز، كۈچلۈك، كۆرۈش قۇۋۋىتى ۋە ئاڭلاش قۇۋۋىتى ناھايىتى سەزگۈر، سىرتقى قىياپىتى كېلەڭسىز بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھەرىكىتى ئىنتايىن چاققان بولۇپ، «يەر بېغىرلىغۇچىلار پادىشاھى» دېگەن نامى بار. يېتىلگەن تىمساھ دائىم سۇ ئاستىدا تۇرىدۇ، پەقەت كۆزى بىلەن بۇرنىنى سۇ يۈزىگە چىقىرىپ تۇرىدۇ. چۈشتىن كېيىن سۇدىن چىقىپ ئاپتاپقا قاقلىنىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

تىمساھنىڭ كۆزىدىن ياش ئېقىپ تۇرىدۇ، ئەمما بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ يېرىم بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى تېنىدىكى ئارتۇق تۇزنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈندۇر.



# دېڭىز تاشپاقىسى


hǎi guī

海龟

turtle







**يەر بېغىرلىغۇچىلار سىنىپى ← تاشپاقا ئەترىتى ← دېڭىز تاشپاقىسى ئائىلىسى**


ماكانلىشىش ئورنى: دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىللىق دېڭىز ئەتراپى ساھىلى

يېمەكلىكى: ئاربلاش ئوزۇقلۇق

www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



دېڭىز تاشپاقىسىنىڭ بېشى كىچىك، ئاغزى ئۇچلۇق، تاشقى قېپى قاتتىق، پالاققا ئوخشاش تۆت پۇتى بولىدۇ. قۇرۇقلۇق تاشپاقىسىغا ئوخشىمايدىغان يېرى، دېڭىز تاشپاقىسى بېشى ۋە تۆت پۇتىنى قېپى ئىچىگە كىرگۈزۈۋالمايدۇ. ئانا دېڭىز تاشپاقىسى تۇخۇمنى قىرغاقتىكى قۇملۇققا تۇغۇپ قۇمغا كۆمۈپ قويىدۇ. كىچىك دېڭىز تاشپاقىسى باسۇرۇلۇپ چىققاندىن كېيىن تۇخۇم قېپىنى تېشىپلا دېڭىزغا قاراپ ئۆمىلەيدۇ. دېڭىزغا ئوڭۇشلۇق يېتىپ بېرىش - بارالماسلىقى كىچىك دېڭىز تاشپاقىسىنىڭ «ھايات - ماماتلىق» ئۆتكىلىدۇر.

### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

دېڭىز تاشپاقىسىنىڭ «يىغلىشى» بەدىنىدىكى تۇزنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈندۇر. دېڭىز تاشپاقىسى دېڭىز يۇسۇنلىرىنى يۇتقان ۋاقىتتا، دېڭىز سۈيىنىمۇ يۇتۇۋالىدۇ. قىرغاققا چىققاندىن كېيىن تۇز ياش ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىۋېتىلىدۇ.



# پاقا

qīng wā

青蛙

frog







**قوش ماكانلىقلار سىنىپى ← قۇيرۇقسىزلار ئەترىتى**

ماكانلىشش ئورنى: كارىپ دېڭىزى ئاراللىرى ۋە تىنچ ئوكيان ئاراللىرىدىن باشقا، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى


يېمەكلىكى: ھاشاراتلار

كۆشەندىسى: يىلان

www.uyghurkitap.com



## هايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



پاقا تۇخۇمىنى ئادەتتە سۇغا تۇغىدۇ، تۇخۇمىدىن چىققاندىن كېيىن قۇمچاققا ئايلىنىپ ھالەت ئۆزگەرتكەندىن كېيىن پاقىغا ئايلىنىدۇ. پاقىنىڭ كەينى پۇتى كۈچلۈك بولۇپ، قۇيرۇقى بولمايدۇ. كەينى پۇتىنىڭ بارماقلىرى ئۈزۈش پەردىسى بىلەن تۇتاش بولۇپ، ھەم سەكرەيدۇ، ھەم سۇ چېچىپ ئۈزىدۇ. پاقا زىيانلىق ھاشاراتلارنى ئوزۇقلۇق قىلغاچقا، زىرائەتلەرنىڭ ياخشى دوستىدۇر.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

پاقىنىڭ كۆزى ھەرىكەت قىلىۋاتقان نەرسىنى كۆرۈشكە بەك سەزگۈر بولۇپ، پەقەت ھاشارات ئۇچۇۋاتقان بولسىلا، قانچىلىك تېز ئۇچۇشىدىن ھەم قاياققا ئۇچۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. ھەم قايسى ۋاقىتتا سەكرەپ چىقىپ ھاشاراتنى يېيىشكە بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ.




# يىلان

shé

蛇

snake







**يەر بېغىرلىغۇچىلار سىنىپى ← يىلانلار كەنجى ئەترىتى**

ماكانلىشىش ئورنى: ئانتاراكتىكىدا، يېڭى زېلاندىيە، ئىرېلاندىيە قاتارلىق ئاراللاردىن باشقا، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى


يېمەكلىكى: چاشقان، پاقا، ھاشارات قاتارلىقلار

كۈشەندىسى: قىسقا پۇت ئىپار مۇشۇك، ئاق قورساق بۈركۈت، قارچىغا قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## هايۋانلار هەققىدە هېكايە



يىلان يەر بېغىرلىغۇچى هايۋان بولۇپ، تېنى ئىنچىكە ئۇزۇن بولىدۇ هەم تېنىدە قاسىرىقى بولىدۇ، قول - پۇتى بولمايدۇ. يىلاننىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ زەهىرى بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ زەهىرى بولمايدۇ. ئۇلار پاقا، چاشقان قاتارلىقلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ئۇنىڭ هەزىم قىلىش سىستېمىسى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يۇتۇشقا باشلىغاندىن باشلاپلا هەزىم قىلىشقا باشلايدۇ. يىلاننىڭ ئۆچەككە كىرىش ئادىتى بار.



### هەيران قالارلىق ئارخىپ

يىلاننىڭ پۇراش ئەزاسى — ئۇنىڭ تىلى بولۇپ، هاۋادىكى ئىنتايىن ئۇششاق هىد - پۇراقنىڭ زەررىچىلىرىنى تىلىغا چاپلاشتۇرغاندىن كېيىن، تىلىنى گال قىسمى ئەتراپىغا قايتۇرىدۇ. ئۇ يەر يىلاننىڭ «پۇراقنى ئانالىز قىلىش ئىشخانىسى» بولۇپ، بىلىنەر - بىلىنمەس پۇراقلارمۇ «تەكشۈرۈش» تىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.



# كەسلەنچۈك

xī yì

蜥蜴

lizard







**يەر بېغىرلىغۇچىلار سىنىپى ← كەسلەنچۈكلەر كەنجى ئەترىتى**

ماكانلىشش ئورنى: شىمالىي قۇتۇپتىن ئافرىقا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىغىچە، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىن ئاۋسترالىيەگىچە كەڭ تارقالغان


يېمەكلىكى: تۇكلۇك قۇرت، ئاق چۈمۈلە قاتارلىقلار

كۈشەندىسى: قارچىغا، يىلان قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## هايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



كەسلەنچۈك «تۆت پۇتلۇق يىلان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كۆپىنچە كەسلەنچۈكلەر كۈندۈزى ھەرىكەت قىلىدۇ. نۇرغۇنلىغان كەسلەنچۈكلەر ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزۈۋېتەلەيدۇ، ئۈزۈلگەن قۇيرۇق تېز سۈرئەتتە مىدىراپ، كۈشەندىسىنىڭ دىققىتىنى چېچىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كەسلەنچۈك ئۆزى قېچىپ كېتەلەيدۇ. كەسلەنچۈكنىڭ رەڭ ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك، كۆپ ساندىكى كەسلەنچۈكلەر ئاۋاز چىقىرالمايدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

رەڭ ئۆزگەرتەلەيدىغان كەسلەنچۈك بولسا تېپىك رەڭ ئۆزگەرتىش مۇتەخەسسىسىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەدىنىنى سۇس قىزىل، كۆك، قىزىل، قىزغۇچ ئاپېلسىن، سېرىق، يېشىل، قارا، قوڭۇر رەڭگە ۋە بىر قىسىم ئارىلاشما رەڭلەرگە ئۆزگەرتەلەيدۇ.



# پاتمىچۇق

bì hǔ

壁虎

gecko



**يەر بېغىرلىغۇچىلار سىنىپى ← كەسلەنچۈكلەر كەنجى ئەترىتى ← پاتمىچۇق ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: جەنۇبىي قۇتۇپتىن باشقا، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى

يېمەكلىكى: پەرۋانە، ئۆمۈچۈك قاتارلىقلار

كۈشەندىسى: يىلان، تۈكلۈك قارا ئۆمۈچۈك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



پاتمىچۇقنىڭ توت پۇتى قىسقا بولۇپ، پۇت بارمىقىدا شورىغۇچى تەخسە بولىدۇ. تامدا ياكى سىلىق يەر يۈزىدە تېز سۈرئەتتە ئۆمىلەيدۇ. ئۇلار پاشا، چىۋىن، پەرۋانە قاتارلىق كىچىك ھاشاراتلارنى يەيدۇ. ئۇ سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ۋە دۈشمەنلىرىگە يولۇققاندا قۇيرۇق قىسمىنىڭ مۇسكۇللىرى تېز سۈرئەتتە قىسقىراپ، قۇيرۇقى ئۈزۈلۈپ چۈشىدۇ - دە، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىدۇ.



## ھەيران قالارلىق ئارخىپ

پاتمىچۇقنىڭ باش قىسمى قۇرۇق بوشلۇق بولۇپ، بىز ئۇنىڭ بىر كۆزى ۋە قۇلقىدىن ئېچىگە قارايدىغان بولساق يەنە بىر قۇلىقى ۋە كۆزىدىن سىرتنى كۆرەلەيمىز.




ھاشاراتلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھاشاراتلار بوغۇم پۇتلۇق ھايۋانلار تۈرىدىكى ھاشاراتلار سىنىپىغا تەۋە. ھاشاراتلارنىڭ بەدىنى باش، كۆكرەك، قورساق قاتارلىق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. باش قىسمىدا سەزگۈ بۇرۇتچىسى، كۆزى ۋە ئېغىز ئاپپاراتى قاتارلىقلار بولىدۇ. كۆكرەك قىسمىدا ئۈچ جۈپ پۇتى، بىر جۈپ ياكى ئىككى جۈپ قانىتى بولىدۇ. بەزى ھاشاراتلارنىڭ قانىتى بولمايدۇ. مەسىلەن، چۈمۈلىگە ئوخشاش. قورساق قىسمىدا بوغۇم بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە ھاۋا تۆشۈكچىسى بولىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ نەپەسلىنىش ئەزاسىدۇر. كۆپىنچە ھاشاراتلار تۇخۇم، لىچىنكا، قورچاق، يېتىلگەن قۇرت قاتارلىق تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. دۇنيادىكى ھاشاراتلارنىڭ تۈرى تەخمىنەن 10 مىليون خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، ھازىر كىشىلەر تەرىپىدىن تونۇلغان ھاشاراتلار تەخمىنەن بىر مىليون خىلغا يېتىدۇ. بۇ پەقەت ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز بىر قىسمىنىلا ئىگىلەيدۇ. تۆۋەندە بىز يەرشارىدىكى بۇ كىچىك زېرەكلەر بىلەن تونۇشۇپ باقايلى!





# كېپىنەك

hú dié
蝴蝶
butterfly


## ھاشاراتلار



**ھاشاراتلار سىنىپى ← تەڭگە قاناتلىقلار ئەترىتى ← مۇڭگۈزلۇكلەر كەنجى ئەترىتى**
ماكانلىشش ئورنى: جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپتىن باشقا، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى
يېمەكلىكى: گۈل چېڭى
كۈشەندىسى: قۇشلار، يىلانلار ۋە پاقىلار

## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە

كېپىنەكنىڭ رەڭگى كۆركەم، قانىتىدا ھەر خىل چىرايلىق ئالبالداق سىزىقلار بولىدۇ. كېپىنەكنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، پۈتۈن دۇنيادىكى كېپىنەكلەر تەخمىنەن 14 مىڭ خىلغا يېتىدۇ. كېپىنەك ئۈچۈن ئېيتقاندا، گۈل چېچەك ئۇنىڭ يېقىلغۇسىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇچۇشىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلەيدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

كېپىنەكنىڭ تەم سېزىش ئەزاسى پۇتىدا بولۇپ، ئۇ پەقەت پۇتىنى تەگكۈزۈپلا، يېمەكلىكنىڭ تەمىنى تېتىيالايدۇ.




# يىڭناغۇچ

qīng tíng

蜻蜓

drgonfly

هاشارتلار



**هاشاراتلار سىنىپى ← يىڭناغۇچ ئەترىتى ← ئايرىما قاناتلىقلار تۈۋەن ئەترىتى**

ماكانلىششش ئورنى: دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كۆللەر، كۆلچەكلەر، ئېقىنلار ۋە نەم يەر ئەتراپىدىكى تاتلىق سۇ دائىرىلىرى


يېمەكلىكى: پاشا، چىۋىن قاتارلىقلار

كۈشەندىسى: قۇشلار، پاقىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



يىڭناغۇچنىڭ تېنى ئىنچىكە ئۇزۇن، ئىككى جۇپ سۈزۈك قانىتى بولىدۇ. يىڭناغۇچنىڭ كۆزى مۇرەككەپ كۆز بولۇپ، نۇرغۇنلىغان كىچىك كۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ. يىڭناغۇچ كۆلچەكلەردە ۋە دەريا بويلىرىدا ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار شۇ يەرلەردە ئوزۇقلۇق تۇتىدۇ ۋە كۆپىيىدۇ. يىڭناغۇچ ھاشاراتلار ئىچىدىكى ئۇچۇش سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغان ھاشارات بولۇپ، سائەتلىك سۈرئىتى 40 ~ 50 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

يىڭناغۇچنىڭ قۇيرۇقىدىكى كىچىك قارا چېكىت «قۇيرۇق دېغى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يىڭناغۇچنىڭ تېخىمۇ مۇقىم ئۇچۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. كىشىلەر بۇ نۇقتىغا ئاساسەن ئايروپىلاننىڭ ئىككى قانىتى ئۈستىگە ئېغىرلاتقۇ ئورۇنلاشتۇرغان. بۇنداق بولغاندا ئايروپىلان تېخىمۇ مۇقىم ئۇچىدۇ.



# ھەسەل ھەرىسى

mì fēng

蜜蜂

bee

ھاشارالار



**ھاشاراتلار سىنىپى ← پەردە قاناتلىقلار ئەترىتى ← ھەسەل ھەرىسى ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: پۈتۈن دۇنياغا كەڭ تارقالغان، بولۇپمۇ تىروپىك بەلباغ، سۇبتروپىك بەلباغلاردا تولىرى بىر قەدەر كۆپ


يېمەكلىكى: گۈل چېچى ۋە گۈل شىرنىسى

كۈشەندىسى: پاقىلار ۋە قارلىغاچ، تاغ قۇچقىچى قاتارلىق قۇرتخور قۇشلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە

ھەسەل ھەرىسى توپلىشىپ ياشايدۇ. بىر ھەسەل ھەرىسى ئائىلىسىدە، بىر ئانا ھەرە، نەچچە يۈز ئەركەك ھەرە ۋە نەچچە ئون مىڭ ئىشچى ھەرە بولىدۇ. ھەسەل ھەرىسى ئائىلىسىدە ئىش تەقسىماتى ئېنىق ئايرىلغان بولۇپ، ئانا ھەرە تۇخۇم تۇغۇشقا، ئەركەك ھەرە جۈپلىشىشكە، ئىشچى ھەرە ھەسەل يىغىشقا مەسئۇل بولىدۇ. ھەسەل ھەرىسى «ئۇسسۇل ئويناش» ئارقىلىق ھەمراھلىرىغا قەيەردە ھەسەل مەنبەسى بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.





### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

ھەسەل ھەرىسى بولسا تالانتلىق «بىناكار»، ئۇلار ياسىغان ئۇۋا ئالتە تەرەپلىك شەكىلدە بولۇپ، ئىنتايىن مۇستەھكەم بولىدۇ.




# پەرۋانە

é

蛾

moth

## هاشاراتلار



**هاشاراتلار سىنىپى ← تەڭگە قاناتلىقلار ئەترىتى ← پەرۋانە ئائىلىسى**

ماكانلىششش ئورنى: دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان


يېمەكلىكى: ئۆسۈملۈك

كۈشەندىسى: قۇشلار، پاقىلار

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



شەكلى كېپىنەككە سەل ئوخشىشىپ كېتىدۇ، لېكىن قورساق قىسمى توم ھەم قىسقا، سەزگۈ بۇرۇتچىسى پەيسىمان بولىدۇ، جىم تۇرغاندا قوش قانىتىنى تەكشى كېرىپ تۇرىدۇ. دائىم كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ پۇراش ۋە ئاڭلاش سېزىمى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىشقا ماسلاشقان. پەرۋانىنىڭ لىچىنكىسى ئادەتتە تۇكلۇك قۇرت دېيىلىدۇ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شىرنىسىنى سۈمۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ زىيانداش ھاشاراتتۇر.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

سىز پەرۋانىنىڭ نېمە ئۈچۈن چىراغقا ئېتىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ چۈنكى پەرۋانىنىڭ يورۇقلۇققا ئىنتىلىشچانلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. بولۇپمۇ، كەچتە ئۇ يورۇقلۇققا تايىنىپ ئۇچۇش يۆنىلىشىنى پەرق ئېتىدۇ.


# تومۇزغا

chán

蝉

cicada

## هاشاراتلار




**هاشاراتلار سىنىپى ← يېرىم قاناتلىقلار ئەترىتى ← تومۇزغا ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: قۇملۇق، يايلاق ۋە ئورمانلىقلار

يېمەكلىكى: ئۆسۈملۈكنىڭ شىرنىسى

كۈشەندىسى: گۆشخور هاشاراتلار، قۇرتخور قۇشلار ۋە كەسلەنچۈك قاتارلىقلار

## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



تومۇزغا «سەرەتان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھالەت ئۆزگەرتىپ ئاندىن چوڭ بولىدۇ. تومۇزغا كۈزدە دەرەخ شاخلىرىغا تۇخۇم سالىدۇ. ئىككىنچى يىلى يازدا تۇخۇمدىن چىققان لىچىنكا يەرگە چۈشۈپ تۇپراققا كىرىۋالىدۇ. ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ياز كۈنلىرى ئاخشاملىرى يەرنى تېشىپ دەرەخ ياكى ئوت - چۆپلەرگە ئۆملەپ چىقىپ، تېرىسىنى تاشلاپ ئۆزگەرگەندىن كېيىن، تومۇزغىغا ئايلىنىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

تومۇزغا دۇنيادىكى ئاۋازى ئەڭ يۇقىرى چىقىدىغان ھاشارات، تومۇزغىنىڭ ئاۋازىنى 500 مېتىر يىراقتىنمۇ ئېنىق ئاڭلىغىلى بولىدۇ.



# خانقىز

piáo chóng

瓢虫

ladybug

## ھاشاراتلار




**ھاشاراتلار سىنىپى ← قالقان قاناتلىقلار ئەترىتى ← خانقىز ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: جەنۇبىي قۇتۇپتىن باشقا، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى

يېمەكلىكى: ئۆسۈملۈكنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرى، كۆكپىت، يوپۇرماق كانىسى

كۆشەندىسى: چۈمۈلە ۋە ئۆمۈچۈك

## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



خانقىزنىڭ بەدىنى يېرىم شار شەكىللىك، تاشقى قېپىنىڭ رەڭگى كۆركەم، ئۈستىدە قارا، سېرىق ۋە قىزىل رەڭلىك داغلار بولىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى «گۈلچى قىز» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. خانقىز ناھايىتى كىچىك بولۇپ، تەخمىنەن بىر تال ئادەتتىكى سېرىق پۇرچاق چوڭلۇقىدا بولىدۇ.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

خانقىز خەتەرگە يولۇققاندا پۇت قىسىمىدىن بىر خىل سېسىق سۇيۇقلۇق چىقىرىپ كۈشەندىسىنى قاچۇرۇۋېتىدۇ.



# ياچۇەك


táng láng

螳螂

mantis



هاشاراتلار



**هاشاراتلار سىنىپى ← ياچۇەك ئەترىتى ← ياچۇەك ئائىلىسى**

ماكانلىشىش ئورنى: ناھايىتى سوغۇق بولىدىغان رايونلاردىن باشقا، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى

يېمەكلىكى: ھاشاراتلار

كۆشەندىسى: قۇرتخور قۇشلار

www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



ياچۇۋەك گۆشخور ھاشاراتقا تەۋە. ئۇنىڭ بىر جۈپ يوغان مۇرەككەپ كۆزى بولۇپ، ئوڭ - سول كۆزى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەتراپتىكى مۇھىتنى كۆزىتىپ، تېز سۈرئەتتە چاققانلىق بىلەن ئوۋنى تاپالايدۇ. ئۇنىڭ يەنە چوڭ قورسىقى، ئۈچ بۇرجەك بېشى بولىدۇ. بېشىنى خالىغانچە ئايلاندۇرالايدۇ، ناھايىتى ھەرىكەتچان.



### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

ئۆزئارا چېتىشقاندا چىشى ياچۇۋەك ئەركەك ياچۇۋەكنىڭ بېشىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىدۇ. ئۇ ھەققەتەن «رەھىمسىز كېلىنچەك» تۇر.



# ماي قوڭغۇزى

dú jiǎo xiān

# 独角仙

rhinoceros beetle



## ھاشارا تلار



**ھاشاراتلار سىنىپى ← قالقان قاناتلىقلار ئەترىتى ← ياپونىيە ماي قوڭغۇزى ئائىلىسى**

ماكانلىشش ئورنى: ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ھەر قايسى رايونلىرى


يېمەكلىكى: مېۋە، ئۆسۈملۈكنىڭ شىرنىسى قاتارلىقلار

كۆشەندىسى: چۈمۈلە قاتارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ھايۋانلار ھەققىدە ھېكايە



ئەركەك ماي قوڭغۇزى باش قىسمىدا بىر جۈپ غەلىتە مۈڭگۈزى بولغانلىقى بىلەن نام چىقارغان، چىشى ماي قوڭغۇزىنىڭ مۈڭگۈزى بولمايدۇ. ئەگەر بولغان تەقدىردىمۇ ئىنتايىن كىچىك بولىدۇ. ماي قوڭغۇزىنىڭ تاشقى قېپى ئىنتايىن قاتتىق، تەن شەكلى مەزمۇت، ھەيۋەتلىك بولىدۇ. ئۆزىدىن 20 ھەسسە چوڭ بولغان نەرسىلەرنى سۆرىيەلەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ «قوڭغۇز پادىشاھى» دېگەن گۈزەل نامىمۇ بار.

### ھەيران قالارلىق ئارخىپ

ماي قوڭغۇزى تەتۈر ئۆرۈلۈپ قالسا قانداق ئۆمىلەپ قوپىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ سىزگە دەپ بېرەي، ئۇ ئالدى بىلەن كەينى پۇتىدا بەدىنىنى كۆتۈرۈپ، ئاندىن بېشىدىكى چوڭ مۈڭگۈزىدە تىرەپ تۇرۇپ بىر ئىتتىرىپلا ئوڭۇشلۇق ئۆرۈلۈۋالالايدۇ.



# ھايۋانات دۇنياسىدىكى جىنس رېكورتى

| سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلاردىكى ئەڭ | ئاتىلىشى | ئالاھىدىلىكى |
| --- | --- | --- |
| ئەڭ ئۇزۇن ياشايدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان | پىل | ئۆمرى 180 ~ 200 ياشقا يېتىدۇ |
| ئەڭ تېز يۈگۈرىدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان | يىلپىز | ئەڭ يۇقىرى سائەتلىك تېزلىكى 120 كىلومېتىرغا يېتىدۇ |
| ئەڭ چوڭ سۈت ئەمگۈچى ھايۋان | كۆك كىت | ئېغىرلىقى 5 ~ 6 پىلغا تەڭ. لېكىن بىر ئافرىقا قىتئەسى پىلىنىڭ ئېغىرلىقى 12 مىڭ كىلوگىرام كېلىدۇ |
| ئەڭ دەسلەپكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋان | ئۆردەكتۇمشۇق | بىر خىل تۇخۇمدىن تۇغۇلىدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان |
| **بېلىقلاردىكى ئەڭ** | **ئاتىلىشى** | **ئالاھىدىلىكى** |
| ئەڭ چوڭ بېلىق | كىتسىمان ئاكۇلا | ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 20 مېتىرغا يېتىدۇ، ئېغىرلىقى 30 توننا |
| ئەڭ تېز ئۈزىدىغان بېلىق | يەلكەن بېلىق | ئۈزۈش سۈرئىتى سائەتكە 120 كىلومېتىرغا يېتىدۇ |
| ئەڭ كۈچلۈك توك قويۇپ بېرىدىغان بېلىق | توكلۇق يىلانبېلىق | توكلۇق يىلانبېلىق قويۇپ بەرگەن توك ئادەمنى تېپىپ ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ |
| ئەڭ تېز «ئۇچىدىغان» بېلىق | ئۇچار بېلىق | سائەتكە 16 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن شۇڭغۇيدۇ |
| كۆزى ئەڭ غەلىتە بېلىق | كامبالا بېلىقى | ئىككى كۆزى بىر تەرەپتە بولىدۇ |
| **قۇشلاردىكى ئەڭ** | **ئاتىلىشى** | **ئالاھىدىلىكى** |
| ئەڭ يىرتقۇچ قۇش | ئاندېس قۇمىيى | ئامېرىكا شىرىنى تۇتۇپ يېيەلەيدۇ، «شىر يەيدىغان قۇش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ |
| تەن شەكلى ئەڭ يوغان قۇش | تۆگىقۇش | بويىنىڭ ئېگىزلىكى 2 ~ 3 مېتىرغا، ئېغىرلىقى 75 كىلوگىرامغا يېتىدۇ |
| پېيى ئەڭ كۆپ قۇش | ئاق قۇ | پېيى 25 مىڭ تالدىن ئاشىدۇ |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| يەر بېغىرلىغۇچىلاردىكى ئەڭ | ئاتىلىشى | ئالاھىدىلىكى |
|---|---|---|
| ئەڭ كىچىك زەھەرلىك يىلان | نامبىيە پاپىسى | تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى پەقەت 18 ~ 24 سانتىمېتىر كېلىدۇ |
| ئەڭ كىچىك يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋان | يالاگۋاكەسلەنچۈكى | چىشى يالاگۋا كەسلەنچۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1.6 سانتىمېتىر كېلىدۇ |
| **قوش ماكانلىقلاردىكى ئەڭ** | **ئاتىلىشى** | **ئالاھىدىلىكى** |
| ئەڭ چوڭ قوش ماكانلىق ھايۋان | سالاماندىرا (سەمەندەر) | تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.8 مېتىرغا يېتىدۇ |
| ئەڭ كىچىك قوش ماكانلىق ھايۋان | پاپا پاقا | تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى پەقەت بىر سانتىمېتىر كېلىدۇ |
| ئەڭ زەھەرلىك قوش ماكانلىق ھايۋان | ئوقيا زەھىرى پاقىسى | يۈز مىڭدىن بىر گىرام زەھەر سۈيۈقلۇقى بىر ئادەمنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرەلەيدۇ |
| **ھاشاراتلاردىكى ئەڭ** | **ئاتىلىشى** | **ئالاھىدىلىكى** |
| ئەڭ تېز ئۇچىدىغان ھاشارات | يىڭناغۇچ | ئاۋسترالىيە يىڭناغۇچىنىڭ ئۆزىنى ئېتىش سۈرئىتى 58 كىلومېتىرغا يېتىدۇ |
| ئەڭ ئېغىر ھاشارات | چوڭ گوللۇك ماي قوڭغۇزى | ئەركەك قۇرتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 11 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئېغىرلىقى 70 ~ 100 گىرام كېلىدۇ |
| ئۆمرى ئەڭ قىسقا ھاشارات | لەيلىگەك (بىر كۈنلۈك قۇرت) | ئادەتتە كۆپىنچىسىنىڭ ئۆمرى نەچچە سائەت، ئەڭ ئۇزۇن بولغانلىرىنىڭمۇ بىر ھەپتىدىن ئاشمايدۇ |

# تېپىپ بېقىڭ، مەن كىم؟



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى

بۇ كىتاب جىلىن فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 2009 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2009 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاسا
تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据吉林摄影出版社 2009 年 12 月第一版, 2009 年 12 月第 1 次印刷本翻译出版。

责任编辑: 胡尔西丹·依布拉音
责任校对: 古丽娜尔·肉孜
美术编辑:
装帧设计: 海米旦·塞达力木

童眼看世界
**识动物**（维吾尔文）

吴小丫 主编
阿地力·阿不都拉 译

---


新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路 255 号 邮编: 830049）
新疆新华书店经销 新疆新华印刷厂印刷
880mm×1230mm 24 开本 6 印张
2012 年 3 月第 1 版 2012 年 3 月第 1 次印刷

---

ISBN 978 - 7 - 5466- 1345 - 1 （民文） 定价: 24.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: ئەمەت ئىمىنالىم



# ھايۋانلارنى تونۇش

ISBN 978-7-5466-1345-1

9 787546 613451 >

定价:24.00 元